ئىشچى ـ دېخانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ
دەرىجىلىك مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك



# ئۇيغۇر تىلى

2 - قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

# نەشرىياتتىن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئىشچى - دېخانلار مائارىپ باشقارمىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن پۈتۈن كۈنلۈك 5 يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ئىشچى - دېخان كۇرسانتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىشچى - دېخانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ دەرىجىلىك مەكتەپلىرى سىناپ قوللىنىش ئۈچۈن 2 قىسىم ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى تۈزۈلدى.

1 - قىسىمدا فونېتىكا، مورفولوگىيە ھەم سىنتاكسىس ھەققىدە دەسلەپكى بىر قىسىم چۈشەنچىلەر بېرىلدى؛ 2 - قىسىمدا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۆز تۈركۈملىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى، جۈملە ھەم ئۇنىڭ تۈرلىرى، جۈملە بۆلەكلىرى ھەققىدە ئاساسىي چۈشەنچىلەر بېرىلدى. بۇ 2 قىسىم دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن ھەر بىر ئاساسىي بىلىمدىن كېيىن بىردىن ئۈچكە قەدەر مۇستەھكەملەش كۆنۈكمىلىرى بېرىلدى. بۇ كۆنۈكمىلەر ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلگەن بىلىملەرنى مۇستەھكەملەش، كۇرسانتلارنىڭ ئوقۇش، يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ كۆنۈكمىلەرنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كۇرسانتلارنىڭ تولۇق ئورۇنلىشىغا

يېتەكچىلىك قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

سەۋىيىمىز چەكلىك، تەجرىبىلىرىمىز يېتەرسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتنىڭ زىقراق بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ دەرسلىكلەردە بىرمۇنچە مەسىلىلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. قايتا نەشر قىلغاندا تۈزىتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، جايلاردىكى يولداشلارنىڭ كۆپرەك تەنقىت ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

1984 - يىل 6 - ئاي

# مۇندەرىجە


1. سۆز تۈركۈملىرى .................... 1
2 ئىسىم .................... 4
3. تۈپ ۋە ياسالما ئىسىملار .................... 8
4 خاس ھەم تۈردەش ئىسىملار .................... 9
5. ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى .................... 12
6. ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ ئىملاسى .................... 17
7. ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى .................... 20
8. ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى .................... 26
9. سۈپەت .................... 29
10. تۈپ ۋە ياسالما سۈپەتلەر .................... 31
11. سۈپەت دەرىجىلىرى .................... 35
12. ئاددى سۈپەت ۋە كەمىتىش سۈپىتى .................... 36
13. سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى .................... 38
14. سان .................... 40
15. سانلارنىڭ ئىملاسى .................... 44
16. سانلارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار .................... 47
17. سانلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى .................... 50
18. ئالماش .................... 53
19. ئالماشلارنىڭ تۈرلىرى .................... 56

20. ئالماشلارنىڭ تۈرلىنىشى ........................ 59
21 ئالماشلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى..................... 62
I ئومۇمى كۆنۈكمە ........................ 65
22. پېئىل ................................ 70
23. بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز پېئىللار ........................ 72
24. پېئىلدا شەخسلەر ........................ 75
25. پېئىل زامانلىرى........................ 77
26. بۇيرۇق پېئىل ........................ 82
27. ھال پېئىل ........................ 83
28. ياردەمچى پېئىل ........................ 86
29. پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى........................ 89
30. سۈپەت پېئىل ........................ 95
31. پېئىلنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........................ 98
32. رەۋىش........................ 100
33. رەۋىشلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى ........................ 105
34. ياردەمچى سۆزلەر ........................ 108
35. ئىملىق سۆزلەر........................ 111
II ئومۇمى كۆنۈكمە........................ 116
36. ئاددى جۈملە........................ 121
37. قوشما جۈملە........................ 124
38. كۆچۈرمە جۈملە........................ 129
39. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى........................ 134
40. ئىگە ........................ 135
41. خەۋەر ........................ 139

42. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشى.................. 144
43. قاراتما سۆز.................................. 148
44. قىستۇرما سۆز ................................ 153
45. بەزى قوشۇمچىلەرنىڭ ئىملاسى................... 156
46. قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى............... 156
III ئومۇمى كۆنۈكمە................................ 158

42 [illegible] ........ 144

43 [illegible] ........ 148

44 [illegible] ........ 153

45 [illegible] ........ 156

46 [illegible] ........ 156

[illegible] ........ 158

## 1• سۆز تۈركۈملىرى

زاۋۇت باشلىقى روزى سىيىت زاۋۇتنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات قىلدى.

بىزنىڭ سىخقا ئىشچىلار تېخنىكا مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئۈچى كەلدى.

زاۋۇدىمىزغا يېڭىدىن يوغان بىر كۆلۈپ سېلىندى.

مەن ئوغلۇمغا قىزىل، كۆك ۋە يېشىل بوياقلارنى ئېلىپ بەردىم.

ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

يۇقىرىقى جۈملىلەرنىڭ ئىچىدە ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قايسىلار؟ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قايسىلار؟ نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قايسىلار؟ شۇنداقلا ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قايسىلار؟

**جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە مەنىسى بولىدۇ. ئۇلار بىلدۈرگەن مەنىلىرىگە قاراپ بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.**

مەسىلەن:

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

قادىر، خەلچەم، ھاۋا، كۈن، ئىشچى، بۇلبۇل، يامغۇر، كىتاپ، دەرەخ، ئىنقىلاپ...

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگىسىنى، رەڭگىنى (سۈپىتىنى) بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

ياخشى، چوڭ، سېرىق، ئۇزۇن، قويۇق، قىزغۇچ، تاتلىق، يورۇق...

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

بەش، قىرىق، ئەللىك سەككىز، ئىككى يۈز يەتمىش تۆت، ئۈچىنچى، بەش يۈز ئون ئىككىنچى...

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

ئىشلە، ئوقۇ، ياز، كۈلدى، ئورۇنلاندى، ئۆچتى، كەلدى...

تىلىمىزدا يۇقۇرقىلاردىن باشقا مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرمۇ بار.

**دېمەك، تىلىمىزدىكى سۆزلەر بىلدۈرگەن مەنىلىرىگە قاراپ بىرنەچچە تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ.**

**سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىنى سۆز تۈركۈملىرى دەيمىز.**

ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى سۆز تۈركۈملىرى بار:

1. ئىسىم: دېخان، دېڭىز، شامال، ئابدۇللا، تىراكتور...

2. سۈپەت: قوڭغۇر، ئاق، قىرتاق، يۇمۇلاق، سېمىز، سوغاق...

3. سان: يىگىرمە، توققۇز، ئالتە، بىرىنچى، مىڭ...

4. ئالماش: مەن، ئاۋۇ، سەن، شۇنداق، قايسى؟ قانچە؟...

5. پېئىل: ئوقۇدى، چاقىردى، يازدى، باشلا، ئال...

6. رەۋىش: بۈگۈن، ئاخشام، چاپسان، ئۇرغۇن، ئىلدام، يۇقۇرى...

7. ياردەمچى سۆزلەر: لېكىن، ۋە، بىلەن، ئەمما، ئۈچۈن...

8. ئىملىقلار: هاي، ئاھ، هوي، ئۇھ، گاژ - گۇژ...

1. كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ نەرسىلەر-نىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق، سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئۈچ سىزىق سىزىڭلار.

تۈنلەر بويى ئۇلتۇرۇپ بەزەن،
ئىككى مىسرا يازاتتىم ئاران.

ئىمىدۇ دەپ، سەۋۋى بۇنىڭ،
بىلەلمەستىن بولاتتىم ھەيران.

مانا ئەمدى يېشىلدى سىرى،
كۆز ئالدىمدا ئاشۇ چىگىشنىڭ.
شېئىر دىمەك ساداسىكەن ئۇ،
قايناق ھايات - كۆرەش، چېلىشنىڭ.

مەن يېزىدا — ئەمگەك جېڭىدە،
نامىم ئىشچان دىخاننىڭ ئوغلى.
قانچە ئېيتسام، پۈتمەيدۇ ناخشام،
ھەممە يېقىم ئىلھام بۇلىغى.

كەڭرى ئېتىز بولدى قەغىزىم،
قەلەم ئېلىپ كەتمەننى چاپتىم.
شېئىرىيەت بوستانلىرىغا،
شېئىرىمدىن گۈل - چىچەك چاچتىم.

## 2. ئىسىم

تېخنىكنى قۇل قىلغان قىزلار،
ئىستانوك ئالدىغا زەپمۇ ياراشقان.
ئاررۇگۈل، مېھرىگۈل، ئىشچان مۇنىرە...
ئىستانوكقا تىل بىرىپ سايرىتار ھامان.

يۇقۇرقى شېئىردىكى تېخنىكا، قىزلار، ئىستانوك، ئارزۇگۇل، مېھرىگۇل، مۇنىرە دېگەن سۆزلەرگە قانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ، ۋەقەلەرنىڭ ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىنى ئىسىم دەيمىز.

ئىسىملارغا تۆۋەندىكىدەك سوئاللار بېرىلىدۇ:

ئادەملەر ئۈچۈن كىم؟ كىملەر؟ باشقا جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر ئۈچۈن نىمە؟ نىمىلەر؟

مەسىلەن: ئادەم، ئايگۈل، ماشىنا، گۈلدۈرماما، كىشىلەر، يېزىلار......

ئىسىملار بىرلىك ھەم كۆپلۈك ساندا ئېيتىلىدۇ.

بىرلا ئادەم ياكى بىرلا نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى بىرلىك ئىسىم دەيمىز.

مەسىلەن: كىتاب، گۈل، ئادەم، بۇغداي......

بىردىن ئوشۇق ئادەم ياكى بىردىن ئوشۇق نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى كۆپلۈك ئىسىم دەيمىز.

بىرلىك ئىسىملارغا «لار، لەر» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق كۆپلۈك ئىسىملار ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: كىتاب ـ كىتاپلار، گۈل ـ گۈللەر، بۇغداي ـ

بۇغدايلار، ئادەم - ئادەملەر......

تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارغا «لار» قوشۇمچىسى، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارغا «لەر» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: دېخان + لار = دېخانلار
يامغۇر + لار = يامغۇرلار
كۆچەت + لەر = كۆچەتلەر
ئۈزۈم + لەر = ئۈزۈملەر

2 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، ئىسىملارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

ئاقتى ئېگىز، كەلدى كۆكلەم، كەتتى ئاياز،
تۇرنىلارمۇ توپ تارتىشىپ قىلدى پەرۋاز.
تەندە ھوزۇر، زوق قوزغىتىپ، يەر ئويغىتىپ،
جىلۋە قىلىپ كەلمەكتە بۇ باش ئەتىياز.
ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل بەلەن چېچەك - چوكان،
يېزىلارنى ياساندۇرۇپ قىلماقتا ناز.
بوستاندا گۈل، شاختا بۇلبۇل، شات قىز - ئوغۇل،
سايدا تورغاي، تومۇچۇقلار چالماقتا ساز.
باغدا كاككۇك، تاغدا كەكلىك، چىل، قىرغاۋۇل،
سايراشلىرى دەيدۇ: «كۆكلەم پەسلى بەك ساز!......»

بوتا كۆزلۈك كېيىك، بۇغا، ئارقار، مارال،
ئايىغىغا يايدى يايلاق گۈل - پاياندازى.
قوي قوزىلاپ، ئات قۇلۇنلاپ، تۆگە تايلاق،
كەڭ دالادا چېپىشماقتا شىر چەۋەنداز.
..................................
قىردا چۇقان خۇددى ۋولقان، قىزغىن ئەمگەك،
ئېتىزدا ئىش. دېخان يەنە بولدى سەرۋاز.

**3 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، بىرلىك ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

تيانشاننىڭ ئېگىز جايلىرىدا غايەت زور تەبىئىي كۆللەر پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن سۇنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلارنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى قارلىق چوققىلارنىڭ ئەكسى كۆلگە چۈشۈپ، تاغ بىلەن كۆلنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ جىمجىت كۆللەردە پەقەت ئاققۇلارلا ئۈزۈپ ئوينايدۇ. بۇلار كۆلنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشىدۇ.

تيانشاننىڭ تېخى تىلغا ئېلىنمىغان مىڭلىغان مال پادىلىرى، ئوتلاپ يۈرگەن چەكسىز گۈزەل، بىپايان يايلاقلىرى، سايلاردىكى ئالمىلىق باغلىرى، ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى، مول بايلىقلىرى، چوڭقۇر جىلغىلىرى... تىل بىلەن تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز گۈزەل بولۇپ، بىزنى چەكسىز ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە ئىپتىخارغا چۆمدۈرىدۇ.

4 - كۆنۈكمە: كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق ئىسىملارنى قويۇپ، تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1. دىخانچىلىق زىرائەتلىرى:........
2. كۆكتاتلار:........
3. مېۋىلەر:........
4. ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى:........
5. تەبىئەت ھادىسىلىرى:........

## 3. تۈپ ۋە ياسالما ئىسىملار

5 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى بىرىنچى قاتاردىكى سۆزلەرنى ئىككىنچى قاتاردىكى سۆزلەرگە سېلىشتۇرۇپ ئوقۇڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ بىلدۈرگەن مەنىلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

| 1 - قاتار | 2 - قاتار |
|---|---|
| ئىش | ئىشچى |
| ئاش | ئاشپەز |
| زامان | زاماندash |
| باغ | باغۋەن |
| ياز | يازغۇچى |
| كۆل | كۆلچەك |

**مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان ئىسىملارنى تۈپ ئىسىم دەيمىز.**

مەسىلەن: يول، بېلىق، چارۋا، قۇش

> ئىسىم ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن يېڭى مەنە ئاڭلاتقان ئىسىملارنى ياسالما ئىسىم دەيمىز.

مەسىلەن: يول + داش = يولداش، بىلىق + چى = بىلىقچى، چارۋا + چىلىق = چارۋىچىلىق، قىش + لاق = قىشلاق...

ياسالما ئىسىملارنى مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

6 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ياسالما ئىسىملارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، تۈپ سۆزلەرنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەردىن سىزىقچە (—) ئارقىلىق ئاجرىتىڭلار.

تەشكىلاتچى، سىرداش، يايلاق، ھۆنەرۋەن، كۆرۈنۈش، ئۇنۇم، تازىلىق، ئوقدان، ئەمگەكچان، ئىشچى، قويماق

ئۈلگە: ئۇنۇم — ئۇن — ۇم

7 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرگە ئۆزەڭلار سۆز تېپىپ قوشۇپ، ياسالما ئىسىملارنى ياساڭلار ھەمدە ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار.

لىق، لۇك، مە، قۇچ، قۇن، لاق، داش، ماق، چى

ئۈلگە: قۇن — ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ.

## 4. خاس ھەم تۈردەش ئىسىملار

ئىسىملار، خاس ئىسىم ھەم تۈردەش ئىسىم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

مۇنۇ ئىككى ئىسىمنى كۆرۈپ باقايلى: «ئۈرۈمچى» دېگەن ئىسىم پەقەت بىرلا شەھەرنى، يەنى بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى «شەھەر» دېگەن ئىسىمنى ئالساق ئۇ، دۇنيادىكى بارلىق شەھەرلەرنىڭ ئومۇمى نامىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، «ئۈرۈمچى» خاس ئىسىم، «شەھەر» دېگەن ئىسىم بولسا، تۈردەش ئىسىمدۇر.

**بىر خىل ئومۇملۇققا ئىگە بولغان شەيئىلەرنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قويۇلغان نامىلىرىنى خاس ئىسىم دەيمىز.**

مەسىلەن: لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئايشەم، ياسىن، ئابدۇللا، جۇڭگو، بېيجىڭ، پەيزىۋات، تۇرپان، ئىلى دەرياسى، لوپنۇر كۆلى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى...

**بىر خىل ئومۇملۇققا ئىگە بولغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان ئىسىملارنى تۈردەش ئىسىم دەيمىز.**

مەسىلەن: ئادەم، ئىشچى، دېھقان، بالا، دۆلەت، دەريا، تاغ، ناھىيە، ئىدارە...

8 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى خاس ئىسىملارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، تۈردەش ئىسىملارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

سۆيۈملۈك ئايشەم مۇئەللىم، ياخشىمۇ سىز؟

مەن ئۈرۈمچىگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كېلىپ، شىنجاڭ داشۆگە ئورۇنلاشتىم. مۇئەللىم، سىزنىڭ سۆزىڭىز بىلەن ئېيتقاندا، خاتىرجەم بولدۇم. سىز مېنى تەربىيىلىگەن شۇ بىر-قانچە يىل ئىچىدە مېنىڭ كەلگۈسىم ئۈچۈن كۆپ غەم يە-دىڭىز. ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكىنىمدە سىز ماڭا: «ئامىنە، ئەمدى خاتىرجەم بولدىڭىز، مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم» دېگەن ئىدىڭىز.

تۈنۈگۈن بىزنى يېڭى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاپ-تونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدىن يېڭى ساۋاقداشلار داۋاملىق كېلىۋاتىدۇ. دەرس بىرنەچچە كۈندىن كېيىن باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ. بۈگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا سىزگە خەت يېزىۋېتىشنى ئويلىدىم. ئاماقتىن قايتىپ كىرىپ، ياتاق دەرىزىسى ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەل يېنىدا قەلىمىمنى تۇتقىنىمچە يىراق تاغلارغا قاراپ خىيال سۈردۈم. ئۈچۈق دەرىزىدىن كۆك ئاسمان ۋە شاھەردىكى بىنالارنىڭ ئۆگزىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەنە يىراقتا ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان بوغدا چوققىسىمۇ ھەيۋەتلىك قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. ھازىر ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق ئۇ-زۇن يول سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. لېكىن، سىزنىڭ مېھرىۋان چىرايىڭىز كۆز ئالدىمدىلا تۇرىدۇ. قاچان سۆزلىرىڭىز ھېلىمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ...

9 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلاپ خاس ھەم تۇردەش ئىسىملاردىن بىرقانچىنى يېزىڭلار ھەمدە ئۇلارنى جۈملە ئە-چىدە كەلتۈرۈڭلار.

## 5. ئسملارنڭ ئگلك قوشۇمچلری

منڭ ۋەتنم
بزنڭ ۋەتنمز
سنڭ ۋەتنڭ
سلەرنڭ ۋەتنڭلار
ئۇنڭ ۋەتنى
ئۇلارنڭ ۋەتنى

يۇقۇردكى «ۋەتەن» دگەن سۆزگە دققەت قلڭلار. ئۇ سۆزنڭ ئاخرغا قانداق قوشۇمچلار ئۇلانغان ھەمدە ئۇ سۆزنڭ ئاخرى قانداق ئۆزگرپ كەلگەن؟

> **ئادەم ۋە نەرسلەرنڭ قايسى شەخسكە قاراشلق ئكەنلگنى بلدۇردغان قوشۇمچلەرنى ئگلك قوشۇمچلار دەيمز.**
>
> **ئگلك قوشۇمچلری ئۈچ شەخستە ئېيتلدۇ.**

1- شەخس — سۆزلگۈچى (منڭ، بزنڭ)

2- شەخس — تڭشغۇچى (سنڭ، سزنڭ، سلەرنڭ)

3- شەخس — ئۆزگە (ئۇنڭ، ئۇلارنڭ)

1- شەخس قوشۇمچلری:

برلك ئۈچۈن: م، ىم، ۇم، ۈم

كۆپلۈك ئۈچۈن: مز، ىمز

| كۆپلۈك | بىرلىك |
|---|---|
| ئاكا - ئاكىمىز | ئاكا - ئاكام |
| ۋەتەن - ۋەتىنىمىز | ۋەتەن - ۋەتىنىم |
| قول - قولىمىز | قول - قولۇم |
| يۈز - يۈزىمىز | يۈز - يۈزۈم |

2- شەخس قوشۇمچىلىرى:

بىرلىك ئۇچۇن: ڭ، ىڭ، ۇڭ، ۈڭ.

كۆپلۈك تۈرى ئۇچۇن: ڭلار، ىڭلار، ۇڭلار، ۈڭلار.

| كۆپلۈك | بىرلىك |
|---|---|
| ئاكا - ئاكاڭلار | ئاكا - ئاكاڭ |
| ۋەتەن - ۋەتىنىڭلار | ۋەتەن - ۋەتىنىڭ |
| قول - قولۇڭلار | قول - قولۇڭ |
| يۈز - يۈزۈڭلار | يۈز - يۈزۈڭ |

سىپايە تۈرى ئۇچۇن: ڭىز، ىڭىز.

ئاكا - ئاكىڭىز - ئاكىلىرى

ۋەتەن - ۋەتىنىڭىز - ۋەتەنلىرى

قول - قولىڭىز - قوللىرى

يۈز - يۈزىڭىز - يۈزلىرى

3- شەخس قوشۇمچىلىرى:

بىرلىك ھەم كۆپلۈك ئۇچۇن: ى، سى.

ئاكا - ئاكىسى

ۋەتەن - ۋەتىنى

قول - قولى

كۆلكە - كۆلكىسى

## ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| شەخسلەر | بىرلىك | | كۆپلۈك | |
|---|---|---|---|---|
| | قوشۇمچىلىرى | مىساللار | قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
| 1 - شەخس | م | ئانام | ىمىز | ئانىمىز |
| | ىم | دەپتىرىم | ىمىز | دەپتىرىمىز |
| | ۇم | ئوقۇم | | ئوقىمىز |
| | ۈم | سۆزۈم | | سۆزىمىز |
| 2 - شەخس | ڭ | داداڭ | ڭلار | داداڭلار |
| | ىڭ | دەپتىرىڭ | ىڭلار | دەپتىرىڭلار |
| | ۇڭ | ئوقۇڭ | ۇڭلار | ئوقۇڭلار |
| | ۈڭ | سۆزۈڭ | ۈڭلار | سۆزۈڭلار |
| 3 - شەخس | | ئانىسى | | ئانىسى |
| | ى | دەپتىرى | ى | دەپتىرى |
| | سى | ئوقى | سى | ئوقى |
| | | سۆزى | | سۆزى |

10 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ھەمدە ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ تومۇرىنى قوشۇمچىسىدىن ئايرىپ چىقىڭلار.

1. مېنىڭ قىزىم توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەيدۇ.
2. سىزنىڭ ھېكايىڭىز ھەممىمىزنى ئىنتايىن ھاياجانغا سالدى.
3. ئۇنىڭ سۆزى ھەم ئىخچام، ھەم مەزمۇنلۇق بولدى.
4. بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىمىز يىلدىن - يىلغا ئاشۇرۇپ ئورۇنلانماقتا. 5. سىلەرنىڭ زاۋۇدىڭلارنىڭ بۇ يىلقى ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندىمۇ؟ 6. سېنىڭ سۆزۈڭگە قارىغاندا بۇ يىل ئىشلەپچىقىرىشتا ھەقىقەتەن رېكورت يارىتىپسىلەر. 7. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز 4 تە زامانىۋىلىشىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرماقتا. 8. ئۇنىڭ يازغان ماقالىسى ھەر جەھەتتىن تەلەپكە لايىق بولغان.

11 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇپ، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنى تېپىڭلار ھەمدە قايسى شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

يامۇلدا تولا يېتىپ،
چېچىم بىر قوچاق بولدى.

مەن يامۇلنى تەشكەندە
قوۋۇرغام پىچاق بولدى.

كۆرە يولدا يۇرۇپ،
مەپەڭ سۇندىمۇ شەنگەن.
سادىرنى تۇتۇپ بىرىپ
كۆڭلۈڭ تىندىمۇ شەنگەن؟

سادىر دەپ ئىتىم قالدى،
داڭزىدا خىتىم قالدى.
خىتىمنى ئوقۇپ باقساڭ،
بەش بالام يىتىم قالدى.

تىيانشان تىغى دەيدۇ،
بۇ ياتار ماكانىمدۇر.
نىمە قىلساڭ قىل شەنگەن،
بۇ سىنىڭ زامانىڭدۇر.

سادىرنىڭ مىنگەن ئىتى،
دۆك يامۇلغا فارايدۇ.
سادىر ئۆزى خوخەنزە
ئۆلتۇرمەيدۇ، پالايدۇ.

سادىرنىڭ مىنگەن ئىتى،
ساغرىسىدا ئالىسى.

ئىلىدا خوتۇن قالدى،

قوچىقىدا بالىسى.

12 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

كىتاپ، ۋەتەن، باغ، دوست، يېزا

## 6. ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ ئىملاسى

بۇلاق - بۇلىغى

ئۆتۈق - ئۆتىغى - ئۆتىغىڭلار

ئەمگەك - ئەمگىگى - ئەمگىگىمىز

ئىشىك - ئىشىگى

مەكتەپ - مەكتىۋى - مەكتىۋىڭلار

يۇقىرىدىكى ئىسىملارنى ئوقۇڭلار، ئۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرى قانداق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان؟ ئۇلارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش بىلەن ئۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدىكى «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى قانداق تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلەشكەن؟

> ئاخىرى «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى «غ، گ، ۋ» تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ ۋە نۆۋەتلەشكىنى بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: ياتاق - ياتىقىمىز، ئوزۇق - ئوزۇقى
ئۆتۈك - ئۆتۈكۈڭ، بىلەك - بىلىكىمىز
كوللېكتىپ - كوللېكتىۋى، تەرتىپ - تەرتىۋىڭلار

13 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ يېزىڭلار. ئۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدىكى «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرىنىڭ قانداق تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلەشكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

پىچاق، قوشاق، ئىلمەك، كۆينەك، كىتاپ، چەينەك، يۈرەك، بايراق، ئوزۇق، قولاق، ئەينەك، دۈرجەك، ئىشكاپ، ياغلىق، چاقماق

14 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا لايىق ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى قويۇڭلار.

1. يېزىلارنىڭ هازىرقى جانلىق ئەمەلىيىتى مەهسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ كۆتۈرە بېرىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىك... ئىسپاتلاپ بەردى. 2. كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىق... يۇقىرى كۆتەردى. 3. ساۋۇتنىڭ ئوغا... ئىنتايىن ئىتتىك. 4. بۇ ئەيسانىڭ كىتاپ... 5. سىبىنىڭ ئوقۇغىنىڭ سادىر پالۋاننىڭ قوشاق... 6. بىلەك... چوڭ بىرنى يېگەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى (يېگەر). 7. بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر، بىلمىگەن بارماق... چىشلەر. 8. بىزنىڭ سىنىپ كوللېكتىپ... ناهايىتى ياخشى تەشكىللەنگەن.

باش - بېشى، ئات - ئېتىڭ، بەل - بېلىم

ئالما - ئالمىسى، ھويلا - ھويلىمىز

قەلەم - قەلىمىم، جۈملە - جۈملىسى

يۇقۇرىدىكى ئىسىملاردا قانداق سوزۇق تاۋۇشلار بار؟ ئۇ ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئۇلاردىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى قانداق تاۋۇشلار بىلەن ئۆزگەتلەشكەن؟

بىر بوغۇملۇق ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلسىگەندە «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې» تاۋۇشىغا ئۆزگەتلىشىدۇ.

مەسىلەن: شام - شېمى، ئاش - ئېشىم، ساي - سېيى،

خەت - خېتىڭ، باغ - بېغىمىز، تام - تېمى

كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا كەلگەن «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى شۇ ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا «ئى» تاۋۇشى بىلەن ئۆزگەتلىشىدۇ ھەمدە ئۆزگەتلەشكىنى يېزىلمايدۇ.

مەسىلەن: بالا - بالىسى، پارتا - پارتىمىز، پارتىسى، قاچا - قاچىسى

كەكە - كەكىسى، مۇە - مۇيىسى، چۆنەك - چۆنىكى

15 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا ئىگىلىك

قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ كۆچۈرۈڭلار، «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرەلەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

يەر، مەش، ئاي، تام، مال، قايماق، تايچاق، ئاكا، گەمە، قەلەم، قىشلاق، ئۇستەل، دەرىزە، ئوتلاق، بىدە

16 ـ كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلاپ «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملاردىن بىر قانچىنى يېزىڭلار ھەمدە ئۇ ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈڭلار.

ئۈلگە: يېزا ـ بىزنىڭ يېزىمىز يىلدىن ـ يىلغا گۈللەنمەكتە.

## 7. ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى

| | |
|---|---|
| ئوسمان (كىم؟) | زاۋۇت (نىمە؟) |
| ئوسماننىڭ | زاۋۇتنىڭ |
| ئوسماننى | زاۋۇتنى |
| ئوسمانغا | زاۋۇتقا |
| ئوسماندىن | زاۋۇتتىن |
| ئوسماندا | زاۋۇتتا |

يۇقۇرىدىكى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانغان قوشۇمچىلەرگە دىققەت قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە سوئال بېرىپ، قانداق سوئاللارغا جاۋاپ بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاڭلار.

ئىسىملارنىڭ جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن باغلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارغا تۈرلۈك قوشۇمچىلار قو- لىنىپ، سۆزلەرنىڭ ئاخىرى ئۆزگىرىدۇ، شۇ قوشۇمچىلەرنىڭ بىر تۈرىنى كېلىش قوشۇمچىلىرى دەيمىز.

دېمەك، ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشىنى ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى دەيمىز.

مەسىلەن: زاۋۇت بىزنىڭ ئائىلىمىز. بىز ئىشچىلار زا- ۋۇتنىڭ ئىگىلىرى. بىز زاۋۇتنى قىزغىن سۆيىمىز. بىز زاۋۇتتا جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىمىز.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «زاۋۇت» دېگەن ئىسىم كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق باشقا سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كەلگەن.

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئىسىملارغا كىمنىڭ؟ كىمنى؟ كىمگە؟ كىمدىن؟ كىمدە؟ نىمىنىڭ؟ نىمىنى؟ نىمىگە؟ نىمىدىن؟ نىمىدە؟ دېگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك شەكلىگە ئۇلىنىدىغان كېلىش قوشۇمچىلىرى ئالتە تۈرلۈك كېلىشتە كېلىدۇ.

1. باش كېلىش: بۇنىڭ قوشۇمچىسى يوق.
2. ئىگىلىك كېلىش: بۇنىڭ قوشۇمچىسى — نىڭ

3. چۈشۈم كېلىش: نى
4. بېرىش كېلىش: غا، قا، گە، كە، قە، غە
5. چىقىش كېلىش: دىن، تىن
6. ئورۇن كېلىش: دا، دە، تا، تە

ئىسىملار كېلىشلەر بىلەن ئىككى تۈرلۈك شەكىلدە تۈرلىنىپ كېلىدۇ.

1. ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانمىغان ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى.
2. ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى.

**ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملاردا بەزىدە شۇ كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىلىرى چۈشۈپ قالىدۇ.**

مەسىلەن: زاۋۇت دوختۇرخانىسىدا داۋالاندىم. زاۋۇتنىڭ دوختۇرخانىسىدا داۋالاندىم. يېزا مەنزىرىسى چىرايلىق. يېزىنىڭ مەنزىرىسى چىرايلىق. مەن كىتاب ئوقۇدۇم. مەن كىتابنى ئوقۇدۇم.

مۇنداق كېلىش قوشۇمچىلىرى چۈشۈپ قېلىپ ئېيتىلغان ئىسىملارنى باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ قارىماستىن، كېلىش قوشۇمچىلىرىسىز ئېيتىلغان ئىگىلىك كېلىش ياكى چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ قاراش كېرەك.

17 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ، كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاستىغا

## ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانمىغان ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەرنىڭ ئىسىملىرى | سوئاللار | ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىشى | كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|
| باش كېلىش | كىم؟ نېمە؟ | ئوقۇغۇچى، كىتاب | — |
| ئىگىلىك كېلىش | كىمنىڭ؟<br>نېمىنىڭ؟ | ئوقۇغۇچىنىڭ<br>كىتابنىڭ | نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | كىمنى؟<br>نېمىنى؟ | ئوقۇغۇچىنى<br>كىتابنى | نى |
| بېرىش كېلىش | كىمگە؟<br>نېمىگە؟ | ئوقۇغۇچىغا<br>كىتابقا | غا<br>قا |
| چىقىش كېلىش | كىمدىن؟<br>نېمىدىن؟ | ئوقۇغۇچىدىن<br>كىتابتىن | دىن<br>تىن |
| ئورۇن كېلىش | كىمدە؟<br>نېمىدە؟ | ئوقۇغۇچىدا<br>كىتابتا | دا<br>تا |

## ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەرنىڭ ئىسىملىرى | ئىگىلىك قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشى | | | كېلىش قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|---|
| | I شەخس | II شەخس | III شەخس | |
| باش كېلىش | يېزام، سۆزۈم | يېزاڭ، سۆزۈڭ | يېزىسى، سۆزى | — |
| ئىگىلىك كېلىش | يېزامنىڭ<br>سۆزۈمنىڭ | يېزاڭنىڭ<br>سۆزۈڭنىڭ | يېزىسىنىڭ<br>سۆزىنىڭ | نىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | يېزامنى<br>سۆزۈمنى | يېزاڭنى<br>سۆزۈڭنى | يېزىسىنى<br>سۆزىنى | نى |
| بېرىش كېلىش | يېزامغا<br>سۆزۈمگە | يېزاڭغا<br>سۆزۈڭگە | يېزىسىغا<br>سۆزىگە | غا<br>گە |
| چىقىش كېلىش | يېزامدىن<br>سۆزۈمدىن | يېزاڭدىن<br>سۆزۈڭدىن | يېزىسىدىن<br>سۆزىدىن | دىن |
| ئورۇن كېلىش | يېزامدا<br>سۆزۈمدە | يېزاڭدا<br>سۆزۈڭدە | يېزىسىدا<br>سۆزىدە | دا<br>دە |

سىزىڭلار. ئۇلارنىڭ قايسى كېلىش قوشۇقچىلىرى بىلەن كەل-گەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئون بەش جىڭلىق كەتمەن قولۇمدا،
شۇ ئېتىزغا بېرىمەن زىنىنەت.
مايسىلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى،
ئويغىتىدۇ دىلدا مۇھەببەت.

پىشانەمدىن ئاققان تامچىلار،
نوتىلارغا بېغىشلايدۇ جان.
ئۇنىڭ تېمەن تومۇرلىرىدا،
ئاقار گويا بولۇپ ئىسسىق قان.

تۈننى ئۇلاپ تاڭغا - كۈندۈزگە،
ئېتىز ئارا خوشال ئىشلەيمەن.
ئىشلىگەنچە ئاشار قۇۋۋىتىم،
چارچاش نىمە زادى بىلمەيمەن.

ۋۇجۇدۇمدا، چۈنكى، شۇ تاپتا،
بىر ئۈمىت بار يالقۇنلاپ يانغان.
ھارارىتى قۇياشتىن ئۆتكۈر،
ئەس - يادىمنى ئىلكىگە ئالغان.

ئۈمىدىم شۇ ھەر تۈپ بۇغدايىنىڭ،
باشاقلىرى غېرىچتىن ئاشسۇن.

مول ھوسۇلدىن كۈلۈپ ۋەتىنىم،
ئەل شاتلىقى دېڭىزدەك تاشسۇن.

**18 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. نۇرغۇن چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىش قوشۇمچىلىرىنى يېزىڭلار.

1. دېخانلار... ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى بىلە... يىل... يۇقىرى كۆتىرىلمەكتە. 2. مەن بۈگۈن كەچكىچە ئېتىز... بولدۇم. 3. رەجەپ كۆكتاتلىق... سۇ تۇتتى. 4. ئۇ ئۆي... كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. 5. مەن بۇ كىتاپ... قىرائەتخانە... ئارىيەت... ئالدىم. 6. بۇ كىتاپ... بايان قىلىنغان ئىشلار مېنى ئىنتايىن قاتتىق ھاياجان... سالدى.

## 8. ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

ئىسىملار ھەر خىل كېلىشلەردە كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

**ئىسىملار جۈملىدە باش كېلىشتە كەلگەندە ئىگە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: باھار كەلدى. كۈن ئىسسىدى. تۇرسۇن ئېتىزغا ماڭدى. ئېتىزدا ئىش قايندى.

يۇقىرقى جۈملىلەردىكى «باھار، كۈن، تۇرسۇن، ئىش» دېگەن ئىسىملار باش كېلىشتە كېلىپ، ئىگە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان.

> ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ھەم ئىسىم- لارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندىمۇ، ئۇلار جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ كېلەۋېرىدۇ.

مەسىلەن: قۇشلار جەنۇبتىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا جىددى كىرىشىپ كەتتى. مېنىڭ دادام راۋۇتتا ئىشلەيدۇ. ئارمىيىمىز خەلقىمىزنىڭ ئۆز پەرزەنت قوشۇنىدۇر.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى «قۇشلار، دېھقانلار» دېگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى: «دادام، ئارمىيىمىز» دېگەن ئىسىملارغا ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان بولۇپ، ئۇلار جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ كەلگەن.

> ئىسىملارغا چۈشۈم كېلىش، بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇ- لىنىپ كەلگەندە، ئۇلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: بىز ئىشتىن (تولدۇرغۇچى) ھەرگىز باش تارتمايمىز. مەن كىتابنى (تولدۇرغۇچى) ئەڭ يېقىن دوستۇم دەپ بىلىمەن. ئۇنىڭ سۆزىدە (تولدۇرغۇچى) داۋلى بار.

> ئىسىملار جۈملىدە ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەندە ۋە بەزىدە ئىگىلىك كېلىشتە كېلىپ، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىز ئېيتىلغاندا، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىغى ئۈستۈن. شەھەرنىڭ كوچىلىرى قايتىدىن رەتلەندى. زاۋۇت باغچىسىدا رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلدى. باھار ھاۋاسى يېقىملىق.

**باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارغا ئىگىلىك قو-شۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئۇلار بەزىدە جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: بۇ — بىزنىڭ يېزىمىز. ئاۋۇ — تۇرغان مېنىڭ ئاكام. ئۇ — ئايشەمنىڭ سومكىسى.

**19 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنى تېپىڭلار.

بەرىكەتلىك ياز كەلدى. غېرىچتەك باش ئالغان بۇغدايلار ئېتىزلارنى بىر تەكشى قاپلىدى. دىخانلار يازلىق يىغىمغا جىددى تەييارلانماقتا. كۈننىڭ نۇرى ئەتراپنى ئوتتەك قىزدۇرماقتا. ئوما باشلاندى. كىشىلەر بەس - بەس بىلەن ئىشلىمەكتە. دىخانلار مول ھوسۇلنى مول پېتى يىغىۋېلىشقا تىرىشماقتا. ئۇلارنىڭ شاتلىق ناخشىلىرى بىپايان ئېتىزلارنى چاڭ كەلتۈرمەكتە. يېزىلاردىكى ھايات نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك - ھە!

**20 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار، ئىسىملارنى تېپىپ ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىلەردە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

شىنجاڭدا مېۋىلىك باغلار ناھايىتى كۆپ. باغلاردا

ھەر خىل مېۋىلەر: ئالما، ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم، ئۆرۈك، نەشپۈت، شاپتۇل، بېھى، ياڭاق، جىگدە، چىلان، گىلاس، ئالۇچا، جىنەستە، قارا ئۆرۈكلەر بار. مېۋە پىشقاندا باغقا كىرسەڭ چىققىڭ كەلمەيدۇ. كەڭرى كەتكەن باغلارغا ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر بەش قولدەك قاتار تىكىلگەن. باغنىڭ ئىچى ياپ - يېشىل چىمەنلىك بولۇپ، ياز بويى ياشىرىپ تۇرىدۇ.

تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، غۇلجىنىڭ ئالمىلىرى، قەشقەرنىڭ ئەنجۈرى بىلەن بېھىسى، كورلىنىڭ نەشپۈتى بىلەن ئامۇتى، يەركەننىڭ ئانارى بىلەن شاپتۇلى، خوتەننىڭ ياڭىقى، كۇچارنىڭ ئۆرۈكلىرى ئالاھىدە داڭلىق.

ھازىر شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلىرى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىپ، گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ تەرەققى قىلماقتا. باغلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. مېۋىلەرنىڭ سورتى بارغانسېرى ياخشىلانماقتا. كىشىلەرنىڭ مېۋىگە بولغان ئېھتىياجىمۇ بارغانسېرى ئاشماقتا.

## 9. سۆپەت

كېلىمەن شاتلىقنىڭ پەيزىگە چۆمۈپ،
زوق بىلەن ئارىلاپ يېزام باغرىنى.
ياپ - يېشىل ۋادىلار، گۈزەل ئورمانلار،
چېكىدۇ قەلبىمنىڭ نازۇك تارىنى.

ئىخ شۇنچە زوقلاندىم ھۆسنۈڭگە بېقىپ،
كۆكسۈڭنى بېزەپتۇ رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر.
قېنى ئۇ، قاقاس تاغ، ئويمان جىلغىلار،
قېنى ئۇ، بىپايان گىياسىز چۆللەر؟

قارىسام ئىگىزدىن، تاغنىڭ باغرىدىن،
ئوخشايسەن گوياكى چىرايلىق توزغا.
ئاقىدۇ زۇمرەت سۇ ئۇنچە چاچرىتىپ،
پايانسىز چۆللۈكتە ئېچىلغان بوزغا.

يۇقۇرىدىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەر نېمىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە ئۇلارغا قانداق سوئال بېرىلىدۇ؟ ھېيتىپ بېرىڭلار.

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى، رەڭگىنى، تەمىنى، تۈرىنى، ھەجمىنى، خۇسۇسىيىتىنى، خۇلقىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىنى سۈپەت دەيمىز. سۈپەتلەرگە قانداق دىگەن سوئال بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: قىزىل ئالما (قانداق ئالما؟)، ئاق قەغەز (قانداق قەغەز؟)، كۆپ - كۆك مايسا (قانداق مايسا؟)، قارا كۆرپە (قانداق كۆرپە؟) (رەڭگى). تاتلىق قوغۇن (قانداق قوغۇن؟)، ئاچچىق لازا (قانداق لازا؟) (تەمى). تېتىك ئادەم (قانداق ئادەم؟)، پاراسەتلىك بوۋاي (قانداق بوۋاي؟) (كىشى سۈپىتى). چوڭ كۆۋرۈك (قانداق كۆۋرۈك؟)، كەڭ يول

(قانداق يول؟) (نەرسلەرنىڭ ھەجمى). ياخشى ئادەم (قانداق ئادەم؟)، قاتتىق ئوتتۇن (قانداق ئوتتۇن؟) (خۇسۇسىيىتى).

> سۈپەتلەر جۈملىدە ئىسىملار بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ ھەم ئىسىملارنىڭ رەڭگىنى، ساپاسىنى، شەكلىنى ۋە باشقا ئۆزگىچىلىكلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ئېگىز تاغ يىراقتىنلا سىزگە ياپ - يېشىل كۆرۈنىدۇ. تۇرپاندىن شىرىن ئۈزۈملەر، تاتلىق قوغۇنلار چىقىدۇ. ئۈرۈمچىدە يېگىمىدىن ئېنتايىن چىرايلىق بىنالار سېلىنماقتا.

بىر نەرسىنىڭ بىرنەچچە خىل سۈپىتى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ياخشى، تېتىك، چاققان، خۇشخۇي ئادەم؛ سالقىن، سۈزۈك ھاۋا

> بەزىدە ئىسىملار سۈپەت مەنىسىدە ئىپتىلىدۇ. ئىككى ئىسىم قاتار ئىپتىلسا، بىرىنچى ئىسىم ئىككىنچى ئىسىمنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ياغاچ قوشۇق، تۆمۈريول، شائىر بالا

21 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ، سۈپەتلەرنى تېپىڭلار. ئۇ سۈپەتلەرنىڭ قانداق نەرسىلەرنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئېگىز ئاسمان بويلاپ تۇرغان،
كۆككە سىرداش ئېگىز تاغ.

ئېتەكلىرىنىڭ زىلچە ـ گىلەم،
ئازات كۆلگەن گۈزەل تاغ.

ئىگىز تاغلار ئالقىش ساڭا،
قۇچاق ئاچقىن مىليونلارغا.
چەكسىز ھاۋا شۇنداق كۆپ ـ كۆك،
ئۈستۈڭ سېنىڭ يېشىل دالا.

مىليون قويلار ئوتلاپ ياتار،
يۈزىنى ئاشقان ئۇلۇغ سايدا.
قالپاق قىرلاپ، ناخشا ئېيتىپ،
قويچى كېلەر كەڭ قىرلاردا.

22 ـ كۆنۈكمە: يېزا، پاختا، ئاسمان، كوچا، باغ، ئالما دىگەن ئىسىملارنىڭ ئالدىغا مۇۋاپىق سۈپەتلەرنى قويۇپ جۈملە تۈزۈڭلار.

## 10. تۈپ ۋە ياسالما سۈپەتلەر

سۈپەتلەر تۈپ سۈپەت ۋە ياسالما سۈپەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

پەقەت بىرلا تومۇردىن ئىبارەت بولغان سۈپەتلەر تۈپ سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئاق، قىزىل، ياخشى، چوڭ، ئېگىز، قىسقا، ئېسىق

ئىسىملارغا ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەرنى ياسالما سۈپەت دەيمىز.

ياسالما سۈپەتلەر ئىسىم ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئاخىرىغا ئاساسەن لىق، لىك، لۇق، لۈك، سىز، دەك، تەك، چان قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: كۈچ ـ كۈچلۈك ئادەم، ئالما ـ ئالمىلىق باغ، گۈل ـ گۈللۈك رەخت، سۈت ـ سۈتتەك ئايدىڭ، بىلىم ـ بىلىملىك ئادەم، ئىش ـ ئىشچان يىگىت، سۇ ـ سۇسىز چۆل

دېمەك، يۇقۇرقى مىساللاردىكى «ئالمىلىق» دىگەن ياسالما سۈپەت «ئالما» دىگەن ئىسىمغا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «لىق» نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن؛ «سۇسىز» دىگەن ياسالما سۈپەت «سۇ» دىگەن ئىسىمغا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «سىز» نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان ۋە باشقىلار.

23 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇغىلار، تۈپ سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ياسالما سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

تىيانشان ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان چوڭ تاغ تىزمىسى. ئۇ جۇڭغار ئويمانلىغى بىلەن تارىم ئويـ

مانىلغىنىڭ ئارىلىغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بېپايان شىنجاڭنى شىمال ۋە جەنۇپ دەپ ئىككىگە بۆلۈپ، بىرقانچە مىڭ چاقىرىمغا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. تيانشانغا يىراقتىن قارىسىڭىز، ئۇنىڭ بۇلۇتلارغا تاقاشقان ئېگىز ئاقۋاش چوققىلىرى گويا ئۇسۇلغا چۈشكەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مەرۋايىت دوپپىلىرىدەك ۋاللىداپ، جىلۋىلىنىپ، ئىنتايىن كۆركەم كۆرۈنىدۇ. بىر-بىرىگە تۇتىشىپ ئۇزاق-ئۇزاقلارغا سوزۇلغان رەڭدار چوققىلىرى گويا قانات-قۇيرۇغىنى كېرىپ تۇرغان تورلاردەك گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

7-ئاي مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ دەشت-باياۋانلىرىدا ھاۋا ئوتتەك قىزىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا تيانشانغا كىرىشىڭىز بىلەنلا، دەشت-باياۋاننىڭ تومۇز ئىسسىغىنى ئۇنتۇپ قالىسىز. ئۇدۇلىڭىزدىكى قارلىق چوققىلار قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك ۋالىنىپ، كۆزنى چاقنىتىدۇ. ئېرىگەن قار سۇلىرى ئېگىز-ئېگىز ھاڭلاردىن شاقىراپ ئېقىپ چۈشۈپ، ھېساپسىز پارقىراق كۈمۈش شايىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

يەنىمۇ ئېگىزلەپ قارىسىڭىز، تيانشان بارغانسېرى كۆركەم تۈسكە كىرىدۇ. ئاپپاق-ئاپپاق قارلىق چوققىلاردىكى قار سىزىغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ياپ-يېشىل، قويۇق ئۆسكەن ئورمانلار چەكسىز سوزۇلۇپ ياتىدۇ. قويۇق ئۆسكەن قارىغايلار خۇددى ئاسماننى تىرەپ تۇرغان كۈنلۈكتەك كۆرۈنىدۇ.

24-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، ياسالما سۆزلەرنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ قانداق قوشۇمچىلەر ئارقىلىق ياسالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. يېزىمىزدا مۆلدۈك باغلار يىلدىن - يىلغا كۆپىيىمەكتە. 2. سۇسىز چۆللەر ياپ - يېشىل بوستانلىققا ئايلاندى. 3. ئىشچان ئادەملەر ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. 4. بىز بەختلىك، مەدەنىيەتلىك تۇرمۇش قۇرۇۋاتىمىز. 5. ئالدىمىزدىن بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر كەلمەكتە. 6. سادىر پالۋان ئەقىللىق، كۈچلۈك ئادەم بولغان.

25 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئىسىملارغا سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ مۇۋاپىقىنى ئۇلاپ ياسالما سۈپەتلەرنى ياساڭلار ھەمدە ئۇلارنى ئۆز لايىقىدىكى ئىسىملار بىلەن بىللە قوشۇپ يېزىڭلار.

مەدەنىيەت، ئەمگەك، ياز، بۇلۇت، قۇم، ئۈزۈم، ئەقىل، تاۋاق

ئۈلگە: ياز - يازلىق بۇغداي.

## 11. سۈپەت دەرىجىلىرى

مەن قىزىل ياغلىق ئالدىم.
ئۇ قىزىلراق ياغلىق ئالدى.
زەينىسا قىپ - قىزىل ياغلىق ئالدى.
سەن قىزغۇچ ياغلىق ئېلىپسەن.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى سۈپەتلەرگە دىققەت قىلىڭلار، ئۇلار بىر - بىرىدىن قانداق پەرقلىنىۋاتىدۇ؟

**سۈپەتلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق - كەملىك تەرەپتىن پەرقلىنىشى سۈپەت دەرىجىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

سۈپەت دەرىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاددى سۈپەت (قارا، كۆك، ئاق، تاتلىق ...)

2. سېلىشتۇرۇش سۈپىتى (كۆك - كۆكۈش، ئاق - ئاقۇش، ياخشى - ياخشىراق، ئېگىز - ئېگىزرەك ...)

3. ئاشۇرۇش سۈپىتى (ئاپپاق، قاپ - قارا، ياپ - يېشىل ......)

4. كەمىتىش سۈپىتى (قىزغۇچ، ساغۇچ، قارامتۇل ...)

## 12. ئاددى سۈپەت ۋە كەمىتىش سۈپىتى

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرماي، ئاشۇرماي، شۇنداقلا كەمىتمەي ئاددى ھالدا بىلدۈرگەن سۈپەتلەرنى ئاددى سۈپەت دەيمىز.

مەسىلەن: قارا، قىزىل، يېشىل، نازۇك، تورۇق، چۇ- چۇمەل، يوغان، كىچىك، ئاچچىق ...

نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىدىكى كەملىكنى بىلدۈرگەن سۈپەتلەرنى كەمىتىش سۈپىتى دەيمىز.

كەمىتىش سۈپىتىنى ياساش ئۈچۈن ئاددى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا ۇش، ۈش، غۇچ، متۇل قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئاق - ئاقۇش، كۆك - كۆكۈش، سېرىق -

ساغۇچ، قارا ـ قارامتۇل

26 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى سۈپەتلەرنى ئېنىقلاڭلار ھەمدە ئاددىي سۈپەتلەر بىلەن كەمىتىش سۈپەتلىرىنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

## پىداكار جەڭچى

ھەيۋەتلىك قارلىق چوققىلار ئېتىكىدە شاقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا ئۈستىدىكى ئاقۇش تۇمانلار بارا ـ بارا تارقىدى. سەھەر قۇياشىنىڭ قىزغۇچ نۇرىغا پۈركەنگەن گۈزەل جىلغىدا قۇشلار شوخ چۇرۇقلىشىشقا باشلىدى. سوغاق شامال دەريا بويىدىكى ساغۇچ كۆكتاتلارنى يېنىك يەلپۈيتتى. ئوڭ قولىدا ئاپتومات تۇتقان، يالاڭۋاشتاق، چوڭ كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرغان 22 ياشلاردىكى، مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر جەڭچىسى ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ دەريا بويىغا كەلدى ـ دە، دۈم يېتىپ قانغىچە سۇ ئىچتى. ئۇنىڭ ھەربىچە چاپىنىنىڭ ئوڭ مۈرىسى كۆيگەن، ئىشتىنىنىڭ يىرتىلغان پۇشقىقىدىن پاقالچاقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سول بىلىكىگە تېڭىلغان سېرىق لاتا قانغا بويالغان ئىدى.

ئۇ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، ئوڭدىسىغا يېتىپ، كۆكۈش ئاسمانغا كۆز تىكتى. دەرەخلەر ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن كۈن نۇرى ئۇنىڭ قارايغان يۈزلىرىنى قىزغۇچ رەڭگە كىرگۈزدى. ئۇ، تۆش يانچۇقىدىن بىر پارچە سۈرەتنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىكى چېھرىسىدىن مېھرىۋانلىق يېغىپ تۇرغان 60 ياشلاردىكى بىر مومايغا سۆزلەشكە باشلىدى:

— قەدىرلىك ئانا، ئۇرۇشتا يارىلىنىپ قايتىۋاتقان جەڭچىلىرىمىز كېچە دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. بىز مۇداپىئەلەنگەچ دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىپ چېكىندۇق. مانا، ئوغلۇڭ رەجەپ ئاخىرقى قېتىم دەريادىن ئۆتۈش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇ، ئەته سېنى بەختلىك ھالدا قۇچاقلايدۇ.

27 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۈپەتلەرگە ۋىش، ۋىش، غۇچ، ھتۇل قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، كەمىستىش سۈپەتلىرىنى ياساڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

سېرىق، كۆك، قىزىل، قارا، ئاق

## 13. سۈپەتلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

ئەتىيازنىڭ ئىللىق شاملى چىقتى.
تۇرنىسانىڭ قولى ئىنتايىن چىۋەر.
كۆپ - كۆك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيدۇ.
ياشلار جۈرئەتلىك بولۇشى لازىم.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى سۈپەتلەرنىڭ قانداق ۋەزىپىلەردە كەلگەنلىگىگە دىققەت قىلىڭلار.

سۈپەتلەر جۈملىدە ھەر خىل ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىلەردە كېلىدىغانلىغىنى تۆۋەندە بىرمۇ - بىر كۆرۈپ ئۆتىمىز.

**سۈپەتلەر جۈملىدە تولاراق ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلار ئىسىملاردىن بولغان جۈملە بۆلەكلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: ناھىيىمىزگە چوڭ كۆۋرۈك سېلىندى. كىچىك باللار سۈزۈك سۇدا چۆمۈلدى. قىزىل گۈللەر پۇراق چاچتى.

> ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن سۆپەتلەر ئىگە ھەم خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: بىر ياخشىلىق (ئىگە) ئونتۇلماس، بىر يامانلىق (ئىگە) ئونتۇلماس. چوڭلار (ئىگە) كىچىكلەرنى ھەر دائىم ئاسرىشى لازىم. قىزىل (ئىگە) چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. بىزنىڭ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز ئىنتايىن قۇدرەتلىك (خەۋەر). ئۇنىڭ ئەخلاقى ياخشى (خەۋەر).

> ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن سۆپەتلەرگە باش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلسە، ئۇنداق سۆپەتلەر جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: بىز ئىشچانلاردىن (تولدۇرغۇچى) ئۆگىنىمىز. كىچىكلەر چوڭلارنى (تولدۇرغۇچى) ھۆرمەتلەيدۇ. ياخشىغا (تولدۇرغۇچى) ئىشارەت، يامانغا (تولدۇرغۇچى) جۇۋالدۇرۇز.

28 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار. جۈملىدىكى سۆپەتلەرنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

قەھرىتان قىش ئۆتۈپ كەتتى. ھاۋا ئىسسىپ، ئاپپاق قارلار ئېرىشكە باشلىدى. ئىللىق شامال ئاستا - ئاستا باھار-

نى ئېلىپ كەلدى. ئېرىق - ئۆستەڭلەر، كەڭ سايلار سۇغا لىق تولدى. كۆپ - كۆك ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ چىقتى. دەريا قىرغىقىدىكى تاللار بىخ سۈرۈپ، يۇمران تاللار ئىللىق شامالغا ئەگىشىپ ئاستا لىڭشىماقتا. توپ - توپ قۇشلار ئىسسىق ياقلاردىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. كۆك ئاسماندا تۇرنىلار قاتار تىزىلىشىپ ئۇچماقتا.

ئاپرېل كۈنلىرى كەلدى. قارلار ئېرىپ تۈگىدى. يەر- جاھان كۆپ - كۆك مايسىلار بىلەن پۈركەندى. دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىپ، ياپ - يېشىل تۈسكە كىردى. دىخانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىغا جىددى كىرىشىپ كەتتى. كەڭ ئېتىزلاردا خوشال ئەمگەك قاينىدى. ئەنە، ئىشچانلار بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمەي ئەمگەك قىلماقتا. بۇ كۈنلەردە كەڭ ئېتىزدا ئەمگەك قىلىش ئىنتايىن كۆڭۈللۈك. شۇنداقلا بۇ، ئىشچانلارنى سىنايدىغان تازا ياخشى پەيت. باھارنىڭ مەيىن شامىلى يۈزلەرنى ئەركىلەتكەندەك ئاستا سىيپاپ ئۆتمەكتە. ئەتراپتىن ھەر تۈرلۈك قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ئاڭلانماقتا. ئۇلار خۇددى ئىشچانلارغا مەدھىيە ئوقۇغاندەك بەس - بەس بىلەن سايرىماقتا. ئېھ باھار، سەن نىمە دىگەن كۆڭۈللۈك، نىمىدىگەن گۈزەل! ئىشچانلار باھارنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ.

## 14. سان

بىر يىلدا ئون ئىككى ئاي بار.

مەن ئۈچىنچى دوختۇرخانىدا ئىشلەيمەن.

بىزنىڭ سىنىپتا يىگىرمە ئادەم ئىشلەيدۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە قان-
داق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى، ھساۋىنىنى ۋە
سان تەرتىپىدىن دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈر-
كۈمىنى سان دەيمىز.

سانلار ساناق سان ھەم دەرىجە سان دەپ ئىككىگە
بۆلۈنىدۇ:

ساناق سانلار ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سان يې-
قىدىن قانچە ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ ھەم قانچە؟
نەچچە؟ دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ.

مەسىلەن: بەش ئادەم، يۈز جىلك ئاشلىق، ئوتتۇز قوي

ئىككى ھارۋا سامان

ساناق سانلارغا «ىنچى، ىنچى» قوشۇمچىلىرىنىڭ
ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان سانلارنى دەرىجە سان
دەيمىز. دەرىجە سانلارغا نەچچىنچى؟ قانچىنچى؟ دى-
گەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: ئىككىنچى قەۋەت، ئون بەشىنچى ئۆي، سەك-
كىزىنچى قەۋەت

سانلار يەنە ئاددى سان ۋە مۇرەككەپ سان دەپمۇ ئىك-
كىگە بۆلۈنىدۇ.

بىردىن ئونغىچە سانلارنى شۇنداقلا ھەر بىر ئونلۇق سانلارنى ئاددىي سان دەيمىز.

مەسىلەن: ئۈچ، يەتتە، توققۇز، ئون، يىگىرمە، قىرىق، يۈز، مىڭ، مىليارت

قوشۇلۇپ ئېيتىلغان سانلارنى يەنى ھەر بىر ئونلۇق، يۈزلۈك، مىڭلىق، مىليونلۇق ئىچىدىكى سانلارنى مۇرەككەپ سان دەيمىز.

مەسىلەن: ئون تۆت، ئون يەتتە، يىگىرمە سەككىز، ئەللىك توققۇز، ئۈچ يۈز ئاتمىش، يەتتە مىڭ بىر يۈز سەكسەن تۆت

29 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى سانلارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق سان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بۇ — ئازاتلىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى بىر ۋەقە.

جياڭسۇ ئۆلكىسى سۇچيەن ناھىيىسى يەنتۇ بازىرىنىڭ شىمالىدا ئېقىنى ئىتتىك، ئۈچ چاك كەڭلىكتىكى بىر دەريا بار ئىدى. بۇ بازاردا ئەكسىيەتچى قوشۇنلار بار بولۇپ، بۇلار خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، مۇشۇ جايغا قېچىپ كېلىۋالغان ئىدى. ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ بىر قەھرىمان تۈەنى يۈز چاقىرىمدەك يولنى جىددىي يۈرۈپ، ئۇلارنى مۇشۇ يەرگىچە قوغلاپ كەلگەندە، بۇ دەريا ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇۋالغان ئىدى.

قەھرىمان تۈەنىمىز يەنتۇ بازىرىغا ھۇجۇم باشلىغاندا،

دۈشمەن ئارمىيىسى دەريانىڭ بۇ چېتىدە تۇرۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، زەمبىرەكتىن بەكمۇ قويۇق ئوق ئاتتى، دەريادا بولسا كۆۋرۈك يوق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئارمىيىمىز دەريادىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدى. لىيەنجاڭ قوشۇنىنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى ئۈچۈن كۆۋرۈك سېلىشنى قارار قىلدى ۋە ئۈچىنچى بەنگە كۆۋرۈك سېلىش ۋەزىپىسىنى چوقۇم ياخشى ئورۇنلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. كۆۋرۈك سېلىش ئۈچۈن ياغاچ ماتېرىياللىرى بولۇشى كېرەك. لېكىن شۇ چاغدا ئاران ئىككىلا ياغاچ شوتا بار ئىدى. كېسەل تۇرۇقلۇق ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان ما بەنجاڭ بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال جەڭچىلەرنى باشلاپ، جىددى ئېقىنغا سەكرەپ چۈشۈپ، كۆۋرۈكنىڭ تىرىگى بولۇپ، مۈرىلىرىگە ياغاچ شوتىلارنى قويۇپ، ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان لەيلىمە كۆۋرۈك ياسىدى.

بىرىنچى پەيىنىڭ مۇئاۋىن پەيجاڭى فەن بۇنى كۆرۈپ دەرھال:

— كۆۋرۈكنىڭ تىرەكلىرى كەم بولۇپ قالدى، بىز تىرەك بولايلى! — دېدى.

بىرىنچى پەيدىكى باتۇرلار بىر ئېغىزدىن:

— بولىدۇ! بىز تىرەك بولايلى! — دېدى - دە، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى جىددى ئېقىنغا سەكرەپ چۈشتى. جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى ياغاچ شوتىنى مۈرىلىرى بىلەن، بەزىلىرى بىلەكلىرى بىلەن، سۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە تۇرغانلىرى بولسا، ئىككى قولى بىلەن ئېگىز كۆتىرىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن پۇختا بىر «ئادەم كۆۋرۈك» ھاسىل بولدى. جەڭچىلەر

بۇ «كۆۋرۈك» تىن ئۆتۈشكە باشلىدى...

كۆۋرۈك ياسىغان يولداشلار ئون بىرىنچى ئايدىكى مۇز-
دەك سۇدا تۇرۇۋېرىپ، سوغاقتىن ئۇلارنىڭ چىشلىرى كاسىل-
داپ كەتتى. لېكىن ئۇلار چىشىنى چىشلەپ، كۆكرىگىنى كې-
رىپ ۋەزىپىنى قەتئى ئورۇنلىدى.

**30 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ساناق سانلارنى دەرىجە
سانلارغا ئايلاندۇرۇڭلار ھەمدە ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەل-
تۈرۈڭلار.

ئۈچ، توققۇز، ئون بەش، قىرىق يەتتە، ئاتمىش تۆت،
ئىككى يۈز سەكسەن بىر

## 15. سانلارنىڭ ئىملاسى

> **مۇرەككەپ سانلارنى خەت بىلەن يېزىشتا توغرا
> كەلگەندە ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي سانلار ئاي-
> رىم - ئايرىم يېزىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئون توققۇز، يىگىرمە تۆت، ئۈچ يۈز ئات-
مىش، بىر يۈز بەش، ئىككى مىڭ يەتتە يۈز سەكسەن بىر

> **دەرىجە سانىنى رەقەم بىلەن يازغاندا، ساناق
> سانغا ئۇلىنىدىغان «ىنچى، ىنچى» قوشۇمچىلىرىنىڭ
> ئورنىغا سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ.**

مەسىلەن: 3 - نومۇرلۇق دومىنا پېچ، 18 - نومۇرلۇق

ياناق، 14 - ۋاگون، 1984 - يىل، 5 - ئاي

دۆلچەرنى بىلدۈرىدىغان ئىككى سانىي كەينى - كەينىدىن يازغاندا، ئۇ ئىككى ساننىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: 7 - 8 كىلومېتىر يول، 3 - 4 كىلوگىرام گۆش، 8 - 10 كىتاپ، 6 - 7 ئادەم...

رەقەم بىلەن يېزىلغان سانلارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلەر رەقەملەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: 8 دىن 3 نى ئالساق 5 ي قالىدۇ. ئەخمەت بۇ يىل 18 گە كىردى.

رىم رەقەملىرى بىلەن يېزىلغان دەرىجە سانلاردىن كېيىن «نچى، ىنچى» قوشۇمچىلىرى يېزىلمايدۇ، شۇنداقلا سىزىقچىمۇ قويۇلمايدۇ. لېكىن «نچى، ىنچى» قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن: II شەخس، XX ئەسىر، IV باپ

31 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، خەت بىلەن يېزىلغان دەرىجە سانلارنى رەقەم بىلەن؛ رەقەم بىلەن يېزىلغان ساناق سانلارنى خەت بىلەن يېزىڭلار.

بىر مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز بەشىنچى يىل بەشىنچى ئايدا، ئۇزۇن سەپەر قىلغان ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى دادۇخې دەرياسىغا يېتىپ كەلدى.

دادۇخې دەرياسى ئىگىز تاغلاردىن شىددەتلىك چۈشۈپ ئۆركەشلەر ياساپ، قايناملار ھاسىل قىلاتتى. 2 قىرغىقىدىكى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ شاقىرىغان ئاۋازى 10 چاقىرىمدىن يىراق جايلارغا ئاڭلىناتتى.

بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى، تەيپىڭ تيەنگونىڭ سەركەردىسى شى داكەي باشلاپ چىققان نەچچە 10 مىڭ تەيپىڭ قوشۇنى دەل ئاشۇ دادۇخې دەرياسى بويىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ مەغلۇپ بولغان ئىدى. جياڭ جيېشى قىزىل ئارمىيەمۇ شى داكەينىڭ تەيپىڭ قوشۇنىغا ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولىدۇ، دەپ خام خىيال قىلدى. ئۇ نەچچە 100 مىڭ ئاق ئارمىيە ئەۋەتتى، ئاق ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى ئارقىدىن قوغلاپ، بىر قىسمى ئالدى تەرەپتىن توساپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى.

قىزىل ئارمىيە دادۇخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ئەنشۇنچاڭنى ئېلىپ، شۇ يەردە دادۇخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، داۋاملىق شىمالغا مېڭىشنى قارار قىلدى.

. . . . .

قىزىل بىرىنچى تۇەنىڭ بىرىنچى يىڭى دەريادىن ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ۋەزىپە مۈشكۈل ئىدى. لېكىن دەريادىن ئۆتۈپ، قىرغاقتىكى پوزىتسىيىنى ئېلىپ، ئارقىدىن كېلىۋاتقان قوشۇننى قوغداش زۆرۈر ئىدى.

پۈتۈن يىڭدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر دادۇخې دەرياسى بويىغا يىغىلدى... ھەممىيلەن دەريادىن ئالدى

بىلەن ئۈتۈشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئاخىرى، 18 باتۇر ئەزىمەت تاللىنىپ، زەربىدارلار ئەترىدى تەشكىل قىلىندى ...

دەريادىن ئۆتۈش باشلاندى. 18 باتۇر ئەزىمەت قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، 18 دانە پىلىموت، 18 دانە ماۋزۇر ۋە 18 دانە قىلىچ بىلەن قوراللاندى.

قولۋاق كىچىك، ئادەم كۆپ بولغاچقا، 18 باتۇر ئەزىمەت 2 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى 9 ئادەم قولۋاققا چىقتى ...

**32 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، سانلارنى رەقەم بىلەن يېزىڭلار.

دادۇيىمىزدە ئون بەش يىگىرمە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا يەتمىش سەكسەن قاۋۇل ئەمگەك كۈچى قاتناشتى. ئىش جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. قۇرۇلۇش ئورنىدا ھەر كۈنى يىگىرمە ئوتتۇز چوڭ - كىچىك ھارۋا، بەش ئالتە ماشىنا ئۈزۈلمەي ئىشلىمەكتە. ئىش سۈرئىتى مۇشۇنداقلا داۋاملاشسا، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن سەككىز توققۇز كۈن بۇرۇن تاماملىنىشى مۇمكىن.

## 16. سانلارغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار

سانلار سانلارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاشقا بولىدۇ.

ساناق سانلارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا ئۇلار سانىنىڭ كۆپلۈگىنى بىلدۈرمەي، سانىنىڭ مۆلچەرلەپ ئېيتىلغىنىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: بىز كەچ سائەت بەشلەردە شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇنىڭ يېشى قىرىقلاردا بار. مەن كەچ سائەت توققۇزلارغىچە ئىشلىدىم.

سانلارغا ئىسىملارنىڭ كېلىش ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇنداق قوشۇمچىلار ئۇلانغان سانلار ئىسىم دەرىجىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن: بەشكە بەشنى قوشسا ئون بولىدۇ. يىگىرمە تۆتكە كەسىرسىز بۆلۈنىدۇ. بىزنىڭ سىنىپتىن بەش كىشى ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولۇپ سايلاندى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئايال، ئۈچى ئەر.

33 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى تېكىستتىنى ئوقۇپ سانلارنى تېپىڭلار، ھەمدە ئۇلارغا قانداق قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

### ئېلىمىزنىڭ چوڭلار مائارىپ ئەھۋالى

ھازىر ئېلىمىزدە باشلانغۇچ - ئوتتۇرا دەرىجىدىن ئالىي دەرىجىگىچە چوڭلار مائارىپ سىستېمىسى بارلىققا كەلدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر 43 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى

پۈتتۈرگەنلەر 38 مىليون 640 مىڭغا يېتىدۇ. ئىشتىن سىرتقى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 8 مىليون 590 مىڭ. ئىشتىن سىرتقى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە ئايرىم پەنلەر بويىچە تەربىيىلىنىپ چىققانلار بىر مىليوندىن ئارتۇق. ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىمىزنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى چوڭلار مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىر مىليون 346 مىڭغا يېتىپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سانىدىن ئېشىپ كەتكەن.

1979 - يىلىدىن بۇيان، ئېلىمىزدە ھەر يىلى 10 مىليون قۇرامىغا يەتكەن دىخان ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇماقتا. ھازىر 15 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندا ناھىيە دەرىجىلىك دىخانلار تېخنىكا مەكتەپلىرى ئېچىلدى.

### سانلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | ساناق سانلارنىڭ تۈرلىنىشى | دەرىجە سانلارنىڭ تۈرلىنىشى |
| --- | --- | --- |
| باش كېلىش | بەش، ئون | بەشىنچى، ئونىنچى |
| ئىگىلىك كېلىش | بەشنىڭ، ئوننىڭ | بەشىنچىنىڭ، ئونىنچىنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | بەشنى، ئوننى | بەشىنچىنى، ئونىنچىنى |
| يۆنىلىش كېلىش | بەشكە، ئونغا | بەشىنچىگە، ئونىنچىغا |
| چىقىش كېلىش | بەشتىن، ئوندىن | بەشىنچىدىن، ئونىنچىدىن |
| ئورۇن كېلىش | بەشتە، ئوندا | بەشىنچىدە، ئونىنچىدا |

## ساناق سانلارنىڭ ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئۇسۇلى

| شەخسلەر | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| I شەخس | بەشىم، ئۈچۈم | بەشىمىز، ئۈچىمىز |
| II شەخس | بەشىڭ، ئۈچۈڭ | بەشىڭلار، ئۈچىڭلار |
| III شەخس | بەشى، ئۈچى | بەشى، ئۈچى |

34 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار بىرنەچچە سانلارغا ئىگىلىك، كۆپلۈك ھەم كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە ئىيتىڭلار.

## 17. سانلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

سانلار جۈملىدە ھەر خىل ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ. بىز تۆۋەندە سانلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

**قوشۇمچىسىز ئىيتىلغان سانلار ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئىسىملارنى سان تەرىپىدىن ئېنىقلايدۇ ھەم جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: زاۋۇدىمىزنىڭ ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ دەرىجىلىك مەكتىۋىنىڭ 2 - سىنىپىدا 42 ئوقۇغۇچى

ئوقۇيدۇ. بىزنىڭ گۇرۇپپىدا 9 ئادەم بار. ئوسمان 5 مو يەرگە بۇغداي، 8 مو يەرگە كېۋەز تېرىدى. ئەمەت 2 - سىنىپتا ئوقۇغان.

| |
|---|
| سانلارغا كېلىش ۋە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندە جۈملىدە ئىگە، خەۋەر ھەم ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ. |

مەسىلەن: تۆت يەردە تۆت — (ئىگە) ئون ئالتە (خەۋەر). ئۇلاردىن پەقەت ئىككىسى (ئىگە) كەلدى. ئۈچىمىز (ئىگە) يىغىنغا قاتناشتۇق. سائەت يەتتىدە (تولدۇرغۇچى) ئىشقا چىقىپ، سائەت ئون ئىككىدە (تولدۇرغۇچى) ئىشتىن چۈشتۇق. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىغان ئىككىمىز (خەۋەر).

35 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار. سانلارنىڭ قانداق سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

سادىر پالۋان 19 - ئەسىردىكى شىنجاڭ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاتاقلىق يولباشچىسى، مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى. ئۇ تەخمىنەن 1798 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئارا ئۆستەڭدىكى مولتوختىيۈزى يېزىسىدا بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1871 - يىلى 73 يېشىدا ۋاپات بولغان.

سادىر كىچىكىدىن تارتىپ خۇشخۇي، شوخ، ئوچۇق پىكىرلىك ۋە غەيرەتلىك بولۇپ ئۆسىدۇ. مانجۇ ھۆكۈمرانـ

لىرىنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇستىدىن، جۇملىدىن، ئۇيغۇر خەلقى ئۇستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك زۇلمى ياش سادىرغا قاتتىق تەسىر قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە سادىر ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جەۋرى - زۇلۇملىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردۇ. مانا بۇ ئەھۋال 15 ياشلىق سادىر-نىڭ قەلبىدە مانجۇ ھوكۇمرانلىرىغا قارشى كۈچلۈك ئۆچمەن-لىك پەيدا قىلدۇ. سادىرنىڭ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئۆچ-مەنلىكى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ باردۇ. ئۇ 18 - 20 ياشلارغا كىرگەن ۋاقىتتا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بېردۇ:

سادىرنىڭ ئىسمايىل، گايىت دەپ ئىككى دوستى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇچى ئېتىزلىقتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. يولدا ئۇلار ئۈچ دىخاننىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ، ئۇرۇپ ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئالتە چېرىككە يولۇقۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇچىلىسىلا سادىر بىلەن بىر مەھەللىدىن ئىدى.

سادىر ئالتە چېرىككە يېقىن كېلىپ:

— بۇلار نىمە گۇنا قىلدى؟ — دەپ سورايدۇ.

— بۇلار، ئالۋاڭ - سېلىقنى تۆلىمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارغا جازا بېرىلىدۇ، — دەيدۇ چېرىكلەر.

— بۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق گۇنايى بار؟ — دەپ يەنە سورايدۇ سادىر.

چېرىكلەرنىڭ ئاچچىغى كېلىپ:

— سەن كىم، كىم سېنى سوراقچىلىققا قويدى؟ ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەر، بولمىسا سېنىڭمۇ تېگىشلىك جازايىڭنى بېرىمىز، — دېيىشىدۇ.

سادىر بۇ ناھەقچىلىققا چىداپ تۇرالمايدۇ - دە، دوست-لىرى بىلەن بىللە ھەلىقى ئالتە چېرىكنى ئۇرۇپ يىقىتىدۇ.

دىخانلارنىڭ قوللىرى باغلانغان ئاغامچىلارنى يېشىۋېلىپ، ئالتە چېرىكنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ تاشلايدۇ - دە، ئۇچى دەرھال قېچىپ كېتىدۇ.

3 6 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئىگە بولۇپ كەلگەن سانلارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، خەۋەر بولۇپ كەلگەن سانلارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق، تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن سانلارنىڭ ئاستىغا ئەگرى (~) سىزىق سىزىڭلار.

1. مەن ئاپتوۋۇزلارنىڭ بىرىنچىسىدە كەلدىم. 2. ئوقۇتقۇچى يېڭى دەرس ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئىككىيلەندىن سوئال سورىدى. 3. ئەنە ئاۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلارنىڭ ئۈچىنچىسى بىزنىڭ زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. 4. يەتتە يەردە يەتتە قىرىق توققۇز. 5. گەپ بىر، قۇلاق ئىككى (ماقال). 6. ماڭا بۇ رەسىمدىن ئىككىسى كېرەك. 7. بىزنىڭ بۆلۈمنىڭ تېلېفون نومۇرى يىگىرمە بەش مىڭ بەش يۈز سەكسەن تۆت. ئۇلار ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشتە بىرىنچىلىكنى ئالدى.

## 18. ئالماش

مىجىت ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولۇپ باھالاندى. ئۇ ھەر دائىم ئىلغارلىقنى قولدىن بەرمەيدۇ.

مەن قارا سوكنۇدىن چاپان كىيدىم. ئەيسامۇ شۇنداق سوكنۇدىن چاپان كىيدى.

مەن ئۇن مو يەرگە قوغۇن تېرىدىم. قېيۇممۇ [illegible]چىلىك

يەرگە قوغۇن تېرىپتۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭلار، ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

**جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت، سان ۋە باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆزلەر ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: سائادەت تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇ ھەر ئىككىلا پەندىن ئەلا باھا ئالدى. پەرھات ئىشچان يىگىت. ئۇنداق يىگىتلەر بىزنىڭ مەھەللىدە نۇرغۇن. بىزنىڭ سېخىتىن مۇسابىقىغە بەش كىشى قاتناشتى. ئىگىرىش سېخىدىنمۇ شۇنچىلىك ئادەم قاتناشتى.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى «ئۇ، ئۇنداق، شۇنچىلىك» دېگەن سۆزلەر ئالماش بولۇپ، «ئۇ» دېگەن ئالماش «سائادەت» دېگەن ئىسىمنىڭ ئورنىغا، «ئۇنداق» دېگەن ئالماش «ئىشچان» دېگەن سۈپەتنىڭ ئورنىغا، «شۇنچىلىك» دېگەن ئالماش «بەش» دېگەن سانىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

**37 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئالماشلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

دۈڭ سۇنرۇي دۈشمەن پوتىيىگە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلدىماقتا ئىدى. ئۇ ليەنجاڭنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، قەتئىيلىك بىلەن:

— ليەنجاڭ، مەن بېرىپ پارتلىتىۋېتەي! — دېدى.

— ليەنجاڭ، مەن ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ باراي! — دەپ

دۇڭ سۇنرۇينىڭ يېقىن سەپدىشى جېڭشۇنيى لىيەنجاڭدىن ئۆتۈندى. لىيەنجاڭ سىياسى كومىسسار بىلەن بىرئاز مەسلىھەتلەشتى - دە، ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلدى.

دۇڭ سۇنرۇي پارتلاتقۇچ دورىنى، جېڭشۇنيى ئىككى باغلام قول بومبىسىنى ئېلىپ، ئاكوپتىن تەڭلا سەكرەپ چىقىپ، ئالغا ئېتىلدى. ئۇلار ئۇزئارا ماسلىشىپ باراتتى. جېڭشۇنيى قول بومبىسى ئاتقاندا، دۇڭ سۇنرۇي بىرنەچچە قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەيتتى؛ يەنە ئاتقاندا يەنە شۇنچىلىك ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە يەنە بىرنەچچە سەپدىشى بولۇپ، ئۇلار باغلام - باغلام قول بومبىلىرىنى جېڭشۇنيىغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى... دۈشمەن پىلىموتلىرى بىردەك ئۇلارغا ئوق ئېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئوت تورىنى شەكىللەندۈردى. دۇڭ سۇنرۇي پوتەيگە بىرقانچە ئون مېتىر قالدى. ئۇ بىر ئويمان يەرگە يوشۇرۇندى. جېڭشۇنيى ئارقا - ئارقىدىن قول بومبىسى ئېتىپ تۇردى. دۇڭ سۇنرۇي بۇ چاغدا پارتلاپ چىققان قويۇق ئىس - تۈتەكتىن پايدىلىنىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا ئېتىلىپ بېرىۋالدى.

38 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئالماشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. بىز ئائىلە بويىچە پاختا تېرىشقا چىقتۇق. بىزنىڭ كېۋەزلىك ئاپپاق تۇسكە كىرگەن ئىدى. ئەتراپتىكى قايسىلا ئېتىزغا قارىسىڭىز ئوخشاشلا شۇنداق تۇسكە كىرگەن ئىدى. زۇلپىيە ئېتىزغا باردى - دە، چەبدەسلىك بىلەن ئىشقا

كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىۋەر قوللىرى پاختىنى چاناقلىرىدىن ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن سۇغۇرۇپ ئالاتتى. زىننەتمۇ ئىشقا شۇنداق كىرىشتى. ئۇلار بەس - بەس بىلەن ئىشلىمەكتە. ئەنە زۇلپىيە لىق تولغان بىر سىۋەت پاختىنى بەلگىلەنگەن جايغا ئاپىرىپ تۆكتى. زىننەتمۇ كىچىك سىۋىتىنى شۇنچىلىك پاختىنى ئاپىرىپ تۆكتى. ئېتىزدىكى ئىشلار تازا قايىندى.

## 19. ئالماشلارنىڭ تۈرلىرى

ئالماشلار ئۆزىنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىلىرىگە ھەم ئاڭلاتقان مەنىلىرىگە قاراپ بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىز بۇ دەرسلىكتە ئۇلارنىڭ پەقەت تۆۋەندىكى ئىككىلا تۈرى بىلەن تونۇشىمىز:

1. كىشىلىك ئالماشلار، 2. كۆرسىتىش ئالماشلار.

**كىشىلىك ئالماشلار، جۈملىدە كىشىلەرنىڭ ئىسمىلىرى ئورنىغا ئالمىشىپ ئۈچ شەخستە كېلىدۇ.**

**I شەخس: مەن، بىز.**

**II شەخس: سەن، سىز، سىلەر.**

**III شەخس: ئۇ، ئۇلار.**

**سۆزلىگۈچى ئۆزىنى — مەن (كۆپلۈك بولسا — بىز)، ئىككىنچى كىشىنى — سەن (سىپايە تۈرى — سىز، سىلى، كۆپلۈك بولسا — سىلەر)،**

ئۈچىنچى كىشىنى — ئۇ (كۆپلۈك بولسا — ئۇلار) دەپ ئېيتىمىز.

كىشىلىك ئالماشلار تولاراق كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلارغا كىم؟ كىملەر؟ دېگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: بارلىق ماددى بايلىقلارنى ئەمگەكچىلەر ياراتقان. ئۇلار ھەممىگە قادىر. زۇنۇن ئەخلاقلىق يىگىت. ئۇ ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە.

ئادەم ياكى نەرسىلەرنى كۆرسىتىش، ئايرىش، ئېنىقلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئالماشلارنى كۆرسىتىش ئالماشلار دەيمىز.

كۆرسىتىش ئالماشلار: ئۇ، بۇ، شۇ، ئەنە، ئاۋۇ، مانا، مۇنۇ، ئاشۇ، شۇلار، ئاۋۇلار، شۇنداق، مۇنداق، ھامقىسىدەك...

مەسىلەن: بۇ كىتاپ قادىرنىڭ. مۇنۇ قەلەم يۇسۇپنىڭ. ئاۋۇ كۆرۈنگەن بىزنىڭ زاۋۇت.

93 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئالماشلارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق ئالماش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

مىچۈرىن بالىنىڭ مۇستەقىل ياشىشىنى قارار قىلدى، چۈنكى بالا خېلى چوڭىيىپ قالغان ئىدى. ئۇ نەشپۈت

دەرىخنى ئېگىپ، باياتقى ئالما دەرىخى ئۆلانغان يېرىنى يەرگە كۆمۈپ سۇغاردى. ئالما دەرىخى يىلتىز تارتقاندىن كېيىن، ھەلقى نەشپۈت دەرىخىنى كېسىۋەتتى.

ئەمدى ئالما دەرىخى مۇستەقىل ياشاشقا باشلىدى. ئەمما نەشپۈت دەرىخىنىڭ تەربىيىسى بىكار كەتمىدى. ئالما دەرىخى مېۋە بەردى. بۇ مېۋە ئادەتتىكى ئالمىلاردىن بولماي، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى نەشپۈتكە ئوخشاپراق كېتەتتى. تەمىدىمۇ نەشپۈت تەمى بار ئىدى. كىشىلەر دەرەخ تۈۋىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ھەيران بولغانلىقىدىن — نېمە بۇ، نەشپۈتمۇ ياكى ئالمىمۇ؟ — دەپ سورىشاتتى. مانا بۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر تۈپ يېڭى مېۋىلىك دەرەخ — «نەشپۈت - ئالما» ئىدى.

مىچۇرىن كۆپلىگەن ئەنە شۇنداق ئاجايىپ ئۆسۈملۈكلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇنىڭ مېۋىلىك بېغىدا «قارا ئۆرۈك - ئۆرۈك»، «قوغۇن - كاۋا»، «كاۋا - تەرخەمەك»لەر بار...

مىچۇرىننىڭ بۇ نەتىجىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن مۇددەتلىك سىناق قىلىش، جاپا - مۇشەققەتلىك ئەمگەك قىلىش نەتىجىسىدىلا مەيدانغا كەلگەن.

مىچۇرىن زامانىسىدىكى باغۋەنلەر تەلەي ئوڭىدىن كەلگەندە ئاندىن سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى يېتىشتۈرۈش مۇمكىن، دەپ تونۇشاتتى. ئەمما مىچۇرىن ئۇنداق ئويلىمىدى. ئۇ: «بىز تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتۈپ ئولتۇرالمايمىز، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز تەبىئەتتىن ئېلىشتۇر» دەيتتى.

## 20. ئالماشلارنىڭ تۈرلىنىشى

ئالماشلار كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ.

### كىشلىك ئالماشلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | بىرلىك | | | كۆپلۈك | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | مەن | سەن | ئۇ | بىز | سىلەر | ئۇلار |
| باش كېلىش | مەن | سەن | ئۇ | بىز | سىلەر | ئۇلار |
| ئىگىلىك كېلىش | مېنىڭ | سېنىڭ | ئۇنىڭ | بىزنىڭ | سىلەرنىڭ | ئۇلارنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | مېنى | سېنى | ئۇنى | بىزنى | سىلەرنى | ئۇلارنى |
| يۆنىلىش كېلىش | ماڭا | ساڭا | ئۇنىڭغا | بىزگە | سىلەرگە | ئۇلارغا |
| چىقىش كېلىش | مېنىڭدىن (مەندىن) | سېنىڭدىن (سەندىن) | ئۇنىڭدىن | بىزدىن | سىلەردىن | ئۇلاردىن |
| ئورۇن كېلىش | مېنىڭدە (مەندە) | سېنىڭدە (سەندە) | ئۇنىڭدا | بىزدە | سىلەردە | ئۇلاردا |

## كۆرسىتىش ئالماشلارنىڭ كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى

| كېلىشلەر | بىرلىك | | | كۆپلۈك | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | |
| باش كېلىش | مۇشۇ | شۇ | ئاۋۇ | مۇشۇلار | شۇلار | ئاۋۇلار |
| ئىگىلىك كېلىش | مۇشۇنىڭ | شۇنىڭ | ئاۋۇنىڭ | مۇشۇلارنىڭ | شۇلارنىڭ | ئاۋۇلارنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | مۇشۇنى | شۇنى | ئاۋۇنى | مۇشۇلارنى | شۇلارنى | ئاۋۇلارنى |
| بېرىش كېلىش | مۇشۇ- نىڭغا | شۇنىڭغا | ئاۋۇنىڭغا | مۇشۇلارغا | شۇلارغا | ئاۋۇلارغا |
| چىقىش كېلىش | مۇشۇنىڭ- دىن | شۇنىڭدىن | ئاۋۇنىڭدىن | مۇشۇلاردىن | شۇلار- دىن | ئاۋۇلاردىن |
| ئورۇن كېلىش | مۇشۇنىڭ- دا | شۇنىڭدا | ئاۋۇنىڭدا | مۇشۇلاردا | شۇلار- دا | ئاۋۇلاردا |

**40 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەن ئالماشلارنىڭ تومۇرىنى تېپىڭلار ھەمدە قايسى كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئېدىسون 12 يېشىدا پويىزدا گېزىت ساتاتتى. پويىز- نىڭ يولۇچىلار تاماكا چېكىدىغان مەخسۇس ۋاگونى بولۇپ،

پويىز باشلىغى ئۇنىڭ مۇشۇ ۋاگونىدا بىر بۆلۈكىدىن ئورۇن ئېلىشىغا قوشۇلىدۇ. ئۇ خىمىيىۋى دورىلىرى ۋە بوتۇلكا قۇتىلىرىنى شۇ يەرگە قويىدۇ. ئېدىسون گېزىت سېتىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر خىل قىزىقارلىق تەجرىبىلەرنى شۇ يەردە ئىشلەيدۇ.

بىر قېتىم پويىز تېز قوزغالغانلىقتىن، سىلكىنىپ كېتىپ ئاق فوسفور قاچىلانغان بىر بوتۇلكا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. فوسفور ھاۋاغا ئۇچرىشى بىلەن دەرھال ئوت ئېلىپ يانىدۇ. كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئېدىسون بىلەن بىرلىكتە ئوتنى ئۆچۈرۈۋالىدۇ. پويىز باشلىغى بۇ ئىشتىن خاپا بولۇپ، ئېدىسوننىڭ تەجرىبە قىلىدىغان بارلىق نەرسىلىرىنى پويىزدىن چۆرۈۋېتىدۇ ھەمدە ئۇنى قاتتىق بىر شاپىلاق ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر قۇلىقىنى گاس قىلىپ قويىدۇ.

بۇ ئىش ئېدىسوننىڭ پەننى تەتقىق قىلىش ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭدا يەنىمۇ قەتئىي ئىرادە پەيدا بولىدۇ. ئۇ يىمەك - ئىچمەكنى تېجەپ، قايتىدىن خىمىيىلىك تەجرىبە ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىدۇ. بىر قېتىم سۇلفات كىسلاتا ئۇنىڭ چاپىنىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، يەنە بىر قېتىم نىترات كىسلاتا ئۇنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويۇشقا تاسلا قالىدۇ. ئۇ ئۆزىگە كېلىدىغان بۇ خىل خەتەرلىكلەردىن قىلچە قورقۇپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ خىمىيىلىك تەجرىبىسىنى قەيسەرلىك بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ.

**41 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئالماشلارغا كېلىش قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈپ يېزىڭلار.

بىز، سىلەر، ئۇلار، ئاۋۇ، مۇنۇ

## 21. ئالماشلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

باش كېلىشتە كەلگەن ئالماشلار جۈملىدە ئاسا-
سەن ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: بىز يۈگۈرۈشنى ھەر كۈنى داۋاملاشتۇرۇۋا-
تىمىز. سىلەر بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىڭلار
لازىم. ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلەندى.

باش كېلىشتە كەلگەن ئالماشلار بەزىدە جۈملىدە
خەۋەر بولۇپمۇ كېلىدۇ.

مەسىلەن: بۇ ئىشنى قىلغانلار بىز. بۇ خەتنى يازغان مەن.

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئالماشلار جۈم-
لىدە ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىز. بىز ئۇنى جان تى-
كىپ قوغدايمىز. بىز ئۇنىڭغا چىن دىلىمىزدىن سادىق بولى-
مىز. ۋەتەن بىزگە ھەممىدىن ئەلا.

42 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئالماشلارنى
تېپىڭلار، ھەمدە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەن-
لىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1945 - يىلى 13 - يانۋار. تاڭ بىلەن بىزنىڭ قى-

سىملىرىمىز دۈشمەن پوزىتسىيىلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. دۈش-
مەنلەردىن غەنىمەت ئالغان قوراللارنىڭ سانى كۈندىن -
كۈنگە كۆپىيىپ تۇرسىمۇ، سەپكە قوشۇلۇۋاتقانلارنىڭ كۆپلۇ-
گىدىن قورال يەنىلا يېتىشمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پىدائىيلار
تۆمۈرچىلەرگە ياساتقان نەيزىلىرىنى كۈندە يالتىرىتىپ كوچى-
لاردىن ئۆتكەندە، ئۇلارنى ئەگەشكەن خەلق توپى دېڭىز
دولقۇنىغا ئايلىناتتى. ھەممىلا كىشى ئادەتتىكى شەخسىي تى-
رىكچىلىكىنى ئۇنۇتقان، ھەممىنىڭ پىكىر - خىيالى دۈشمەن-
گە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى... ئەڭ دەھشەتلىك جەڭ
ھەرەمباغنىڭ غەربىي تۆپىلىكىدە باشلاندى. دۈشمەن بارلىق
كۈچىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈپ قارشىلىق قىلماقتا. ئۇلار پۈتۈن
ئاكوپ، بىلىنداژ، پوتەيلەردىن تىنىمسىز ئوت ئاچماقتا. بىز-
نىڭ قوراللىق قىسىملىرىمىز ھەرەمباغ تەرەپتىكى زاراتكارلىق-
تا قارغا كۆمۈلۈپ ئالغا سىلجىماقتا...

— قىسىملىرىمىزنىڭ ئالدىنقى سېپى دۈشمەننىڭ ئەڭ
خەۋپلىك پوتەيلىرى جايلاشقان تەرەپكە سىلجىپ كەتتى. —
دېگەن ئىدى بىرسى.

رىزۋانگۈل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭ ئەمدى بۇ يەردە تۇرغىنىمىزنىڭ ھېچ پاي-
دىسى يوق. جەڭچىلىرىمىز ئارىسىدىن ئورۇن تېپىشىمىز كې-
رەك، — دېدى... رىزۋانگۈل سومكىسىنى پۇلاڭلىتىپ باغ-
دىن تۆپىلىكتىكى زاراتكارلىققا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن يەنە بىر شەپقەت ھەمشىرە ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار
زاراتكارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئونچە كىشى پاتقۇدەك ئويمان-
لىققا بېرىپ جايلاشتى. ئۇنىڭ ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن يان-

غان ياش يۈرىكى قەھرىمان ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ پەدى-
سىدە تېپەتتى. ئۇ تەۋرەپ كەتكەن خەلقنىڭ ئۈستۈن روھى-
نى، ئەركىنلىك ئۈچۈن پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان جەڭنى كۆرۈپ
مەغرۇرلىناتتى...

دۈشمەننىڭ بىلىنداۋلىرىغا يېقىن بېرىپ قالغان ئىككى-
ئۈچ جەڭچىگە ئوق تەگدى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ھا-
مان، رىزۋانگۈل ئالغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇنى
كۆرگەن ھەر بىر جەڭچى:

— توختاڭ!

— توختاڭ رىزۋانگۈل!

— ئۆرە ماڭما ھوي، سىڭلىم! — دەپ ۋاقىرىشاتتى.
رىزۋانگۈل باشقىلارنىڭ ۋاقىرىشى ۋە ئوقنىڭ ئاۋازىغا پەر-
ۋا قىلماي، ئالغا قاراپ داۋاملىق يۈگۈردى. ئۇنىڭ قۇلاق
تۈۋىدە پەقەت «جەڭچىگە ئوق تەگدى» دېگەن بىرلا قايغۇ-
لۇق ئاۋاز شۇۋۇرلايتتى. مانا شۇنىڭغا ياردەم قىلىش كېرەك.
ئۇ دولدۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدا كۈچىنىڭ بېرىچە
يۈگۈرەيتتى. ئۇنىڭ چىڭ باغلىغان تاسما بەلۋېغىدا دوختۇر
سومكىسى پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

ئۇ يارىلانغان ئىككى جەڭچىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى
ۋە ئۇلارنىڭ جاراھىتىنى بەكمۇ چاققانلىق بىلەن تېڭىپ،
ئارقا سەپكە ئەۋەتكەندىن كېيىن، پىشانىسىدىكى تەرنى سۈرت-
كەچ ئەتراپىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن سەپ سېلىشقا باشلىدى.

## ئومۇمى كۆنۈكمە I

43 - كۆنۈكمە: تۇۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىسىملارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇ ئىسىملارنىڭ قانداق ئىسىملار ئىكەنلىكىنى، جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

### ئۇلۇغ دوستلۇق

ماركس ۋە ئېنگېلس پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى ھەم داھىسى. ئۇلار 40 يىل ھەمكارلىشىپ ئىشلەش بىلەن ماركسىزىمنى بىرلىكتە ياراتتى. بۇ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى خەلقلەرگە ئۆزۈل - كېسىل ئازاتلىققا ئېرىشىش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس پۈتۈن ھاياتىدىكى ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىدە يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلدى. ئۇلار خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتىگە بىرلىكتە رەھبەرلىك قىلدى. گېزىت چىقاردى، بىرلىكتە ماقالا يازدى ۋە ھۆججەتلەرنى تەييارلىدى. مەشھۇر «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» نى ئۇلار بىرلىكتە يېزىپ چىققان ئىدى.

ماركس ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، دائىم ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراش بىلەن چەتئەللەردە ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە سەرگەردان بو-

لۇپ يۈرۈپ، تۇرمۇشى ناھايىتى نامراتچىلىقتا ئۆتكەن ئىدى. ماركس لوندوندا تۇرغان ۋاقىتتا دائىم دىگۈدەك نەرسە - كېرەكلىرىنى گۆرەگە قويۇش ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى سېتىش بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى. بەزىدە ئۇنىڭ گېزىت ۋە قەغەز سېتىۋېلىشقىمۇ پۇلى قالمايتتى... لېكىن ماركس ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرەتمەي، تەتقىقات خىزمىتى ۋە ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنى يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن داۋاملاشتۇراتتى.

ئېنگېلس ماركسنىڭ تۇرمۇشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ناھايىتى زور ياردەم قىلاتتى. ماركسنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن، ئېنگېلس مانچېستېردىكى زاۋۇتقا بېرىپ، ئۆزى ئىنتايىن يىرگىنىدىغان سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رازى ئىدى...

ماركس بىلەن ئېنگېلس كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، تۇرمۇشتا ئۆزئارا كۆيۈنۈپلا قالماستىن، بەلكى خىزمەتتىمۇ يېقىندىن ھەمكارلاشاتتى. ماركس لوندوندىكى ۋاقتىدا، ئىنگلىزچە گېزىتكە ھەر ھەپتىدە ئىككى پارچە خەۋەر يېزىپ بېرەتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئىنگلىز تىلىنى تېخى مۇكەممەل بىلمەيتتى. ماقالىلارنى بىۋاسىتە ئىنگلىزچە يازالمايتتى. ئېنگېلس ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، نېمىسچىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىشىپ بېرەتتى...

**44 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى سۈپەتلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇ سۈپەتلەرنىڭ قانداق سۈپەت ئىكەنلىكىنى، جۈملىنىڭ قانداق بۆلىكى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## شانلىق قۇربان

ئۈستىگە گۈللۈك كۆك تاۋاردىن چاكسەنزە، پۇتىغا خەي كىيگەن بۇ قىز ئارقىسىغا قايرىلغان قوللىرى بىلەن چېدىرنىڭ كەينى تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ، ھامان سۆزسىز يەرگە قاراپ تۇراتتى. ماڭلىيىدىن چىققان قىپ - قىزىل قان چۈۋۇلغان قاپ - قارا چاچلىرى ئارىسىدىن پارقىراپ كۆرۈنەتتى. بىر نۇقتىغا نەيزىدەك تىكىلگەن كۆزلىرىدە چوڭقۇر خىيال ۋە دەھشەت ئوتى ئەكس ئېتەتتى. ئۇ ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان ئەڭ قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك مەسىلە ئۈستىدە جىددى ئويلىناتتى. ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك قىسقا پىكىرلەر بىلەن قايمۇققان ئويى قايتا - قايتا كېلىپ، ئىككى يولنىڭ ئۈستىدە توختايتتى: بىرى ھايات يولى. ئەمما بۇ يولنى خائىنلىق ۋىجدانسىزلىق ۋە ئۇياتسىزلىق بىلەنلا ئۆتۈش مۇمكىن: بىرى مامات يولى. لېكىن بۇ پارلاق ۋە شەرەپلىك يول ئىدى.

قىز بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، چېدىرنىڭ تاشقىرىسىغا كۆز تاشلىدى، بۇ چېدىرنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە بىرنەچچە چېدىر بار ئىدى؛ چېدىرلارنىڭ ئىچىدىن تەرتىپسىز ئاۋازلار ۋە ۋاقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چېدىرلارنىڭ ئالدىدا ھەر تۈرلۈك مەشغۇلاتلار بىلەن بولۇۋاتقان تۆمۈر قالپاقلىق ئەسكەرلەر كۆرۈنەتتى. قارشى تەرەپتە، تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا، يوپۇرماقلىرى سارغايغان دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆيۈۋاتقان يېزا، بۇرقۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈل-

ۋاقتان تۇتۇنلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ يېزىدا ھاياتتىن بەل-
گە كۆرۈنمەيدۇ.

يېزىدىن كۆتىرىلىپ، شەرققە ئەگىپ كېتىپ بارغان ئىس، تۇمانلار ئارىسىدا:

«كۆرەش — شەرەپلىك، ئەمما مۇشكۇل ئىش. بىز ھازىر ئوت ئىچىدىن خەلق ھاياتىنى ساقلىشىمىز ۋە ئالغا بېسىشىمىز لازىم. بۇ شەرەپلىك، مۇشكۇل ۋەزىپىنى جان تېكىپ ئادا قىلىش — بىزنىڭ بۇرچىمىز...!»

مەلۇم قىسىم تۇەنجاڭنىڭ قىزنى ئۇزاتقاندا ئېيتقان بۇ سۆزلىرى گوياكى تۇتۇنلەر ئارىسىدىن چىقىپ، تېخىمۇ يوغىناپ يېقىنراق كەلگەندەك بولاتتى ۋە يەنە تۇتۇنلەر ئېقىمى بىلەن ئۇزاپ كېتەتتى.

«ئىنقىلاۋىي مەردانىلىقنى ھېچ ۋاقىتتا قولدىن بەرمەيمەن» دەيدۇ قىز...

45 - كۆنۈكمە: تىۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى سانلارنى تېپىڭلار، ئۇ سانلارنىڭ قانداق سان ئىكەنلىكىنى، جۈملىنىڭ قانداق بۆلىكى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاڭلار. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ قانداق يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار.

...24 - كۈنى ئەتىگەنلىكى قىزىل 4 - تۇەن يۇقۇرىنىڭ: «25 - كۈنى تاڭ سەھەردە لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكى ئېلىنسۇن!» دېگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈككە يەنە ئىككى يۈز قىرىق چاقىرىم يول بولۇپ، بۇنىڭغا يېگىرمە نەچچە سائەت ۋاقىت قالغان ئىدى. دەريا بويىدا ئېگىز تاغ، چوڭقۇر جىلغىلار بولغانلىقنىڭ ئۈستىگە، توساپ

زەربە بېرىشكە تەييارلىنىپ تۇرغان دۈشمەنلەرمۇ بار ئىدى.
شۇنىڭدەك دۈشمەننىڭ ئىككى لۈي ياردەمچى ئەسكەرلىرىمۇ
لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىگە قاراپ ئىلگىرىلەمەكتە ئىدى. ئارمىيىمىز
دۈشمەن ياردەمچى قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشى زۆرۈر
ئىدى. بۇ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى
ئىدى. قىزىل 4 - تۈەن دەرھال يولغا چىقىپ، لۇدىڭچياۋ
كۆۋرۈكىگە قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى. كەچ سائەت يەت-
تىگىچە ماڭغاندىن كېيىن كۆۋرۈككە يەنە بىر يۈز ئون چا-
قىرىم يول قالغان ئىدى. ئۇلار يول بويى توساپ ياتقان
دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىپ، قاتمۇ - قات توسالغۇلارنى بۇ-
سۇپ ئۆتتى... ئۇلار قاپ - قاراڭغۇ كېچىدە شاقىراپ يېغى-
ۋاتقان قاتتىق يامغۇرغا قارىماي، پاتقاق يولدا ئالغا ئىلگى-
رىلىمەكتە ئىدى. بىر پەستىن كېيىن يامغۇر بىرئاز پەسەي-
دى. بىردىن قارشى قىرغاقتا خۇددى ئەجدىھادەك لۇدىڭچياۋ
كۆۋرۈكىگە قاراپ كېلىۋاتقان ھەددى - ھېساپسىز مەشئەللە
كۆرۈندى. قىزىل ئارمىيە دەرھال بۇنىڭ لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈ-
كىگە ياردەمگە كېتىۋاتقان دۈشمەنلەر ئىكەنلىكىنى بىلىشتى...
تۈەن سىياسى كومىسسارىمۇ دەرھال قىسىملارغا مەشئەل يې-
قىپ، دۈشمەنلەر بىلەن يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىش توغرىسى-
دا بۇيرۇق چۈشۈردى... قارشى قىرغاقتىكى دۈشمەنلەرمۇ گۇ-
مان قىلماي ئارمىيىمىزدىن ئۈتتۈرىدىكى دەريا بىلەنلا ئايرىل-
غان ھالدا، ھېچنىمىنى سەزمەستىن 20 - 30 چاقىرىم يول
ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا يامغۇر يەنىمۇ ئەدەپ، خۇددى چېلەكلەپ
قۇيغاندەك ياققىلى تۇردى. مەشئەللەرنى يامغۇر ئۆچۈرۈۋەتتى.
دۈشمەنلەر ئىلاجسىزلىقتىن توختاپ قونۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئارمىيىمىز قاراڭغۇدا داۋاملىق ئىلگىرىلەۋەردى ۋە 25 - كۈ-
نى تاڭ سەھەردە لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈگىگە يېتىپ كەلدى...

## 22 - پېئىل

ماشىنا كەڭ يولدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى. كاككۇك
مۇڭلۇق ئاۋازدا سايرىدى. ئىشچىلار ئىشتىن سىرتقى مەكتەپ-
لەردە ئوقۇۋاتىدۇ. باغۋەن مېۋە ئۆستۈرىدۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر نىمىنى
بىلدۈرىدۇ، ئۇلارغا قانداق سوئاللار بېرىلىدۇ؟

> ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى
> بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىنى پېئىل دەيمىز.
> پېئىللارغا نىمە قىلدى؟ نىمە قىلىدۇ؟ نىمە قى-
> لىۋاتىدۇ؟ نىمە بولدى؟ نىمە بولىدۇ؟ نىمە قىلىـ
> دى؟ دىگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: ئىشچىلار ئۆزئارا ئىشلەپچىقىرىش مۇسابىقى-
سىنى قانات يايدۇردى (نىمە قىلدى؟). دىخانلار زىرائەتلەر-
گە ئوغۇت بېرىۋاتىدۇ (نىمە قىلىۋاتىدۇ؟). يامغۇر ياغدى
(نىمە بولدى؟). تىراكتور يەر ھەيدىدى (نىمە قىلدى؟).

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «يايدۇردى، بېرىۋاتىدۇ، ياغ-
دى، ھەيدىدى» دىگەن سۆزلەر پېئىللار بولۇپ، ئۇلار ئادەم
ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش ھەرىكىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

پېئىللارنىڭ تومۇرى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىك-
كىنچى بىر كىشىگە بۇيرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ئىشلە، سۆزلە، كەل، بىل، بەر، ماڭ

46 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار، سوئال بېرىپ پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇ پېئىللارنىڭ تومۇرى بىلەن قوشۇمچىلىرىنى ئايرىپ بېرىڭلار.

... كېيىن ئېنگېلسمۇ لوندونغا كۆچۈپ كېلىپ، ماركسنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە تۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، يا ماركس ئېنگېلسنىڭ ئۆيىگە، يا ئېنگېلس ماركسنىڭ ئۆيىگە بارغاچقا، ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك يۈز كۆرۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلار ھەر خىل سىياسىي ۋەقەلەر ۋە ئىلىم - پەن ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا مۇھاكىمە بەك قىزىپ كەتكەچكە، ھەر ئولتۇرۇشتا ئۇلار بىرنەچچە سائەت سۆزلىشەتتى. بەزىدە ھەتتا كەسكىن مۇنازىرىگىمۇ چۈشۈپ كېتەتتى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى، ئۇلار شەھەر ئەتراپىغا چىقىپ بىللە سەيلە قىلاتتى.

جىددىي كۈرەش ھاياتى ۋە ئېغىر تەتقىقات خىزمىتى ماركسنىڭ سالامەتلىكىنى ناھايىتى ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ «كاپىتال» دىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەسىرىنى يېزىپ بولالمايلا ۋاپات بولدى. ماركس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئېنگېلس قەتئىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ تەتقىقات خىزمىتىنى توختىتىپ قويۇپ، ماركسنىڭ تېخى يېزىپ بولالمىغان قوليازمىلىرىنى

رەتلەپ ۋە ئاخىرىنى ئۇلاپ يېزىپ، پۈتۈن كۈچىنى «كاپىتال» نىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تومىنى نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاراتتى. ماركس ۋە ئېنگېلس 40 يىل ھەمكارلىشىپ، ئۇلۇغ ماركسىزىمنى بىرلىكتە ياراتتى. 40 يىل جەريانىدا، ئورتاق نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىش داۋامىدا، ئۇلار ئۇلۇغ دوستلۇق ئورناتتى.

**47 – كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ يېنىغا ئىسىملارنى قويۇپ، جۈملە تۈزۈڭلار.

ئوردى، ئۇچتى، باشلاندى، ئىشلىدى، ئۈزدى، تىرىلدى، يازدى، ئالدى، توختىدى، ئاقتى

**ئۈلگە:** سۇ شاقىراپ ئاقتى. كىشىلەر توپى مەيدانغا قاراپ ئاقتى.

## 23. بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز پېئىللار

پېئىللار بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز پېئىل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بىز، بۇ پېئىللار بىلەن تونۇشۇشتىن ئاۋال تۆۋەندىكى ئىككى جۈملىنى كۆرۈپ باقايلى:

مەن بىر كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپەمنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدىم. قادىر ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىدى.

بىرىنچى جۈملىدىكى «ئورۇندىدىم» دېگەن پېئىل ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغانلىقىنى؛

ئىككىنچى جۈملىدىكى «نۇرلۇنلىمىدى» دىگەن پېئىل ئىش-ھەركەتنىڭ تېخى نۇرلۇنلانمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

**ئىش - ھەركەتنىڭ بولغانلىقىنى، بولىدىغانلىقىنى ۋە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن پېئىللارنى بولۇشلۇق پېئىل دەيمىز.**

مەسىلەن: بىز داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمىز. بىز كىلەر يىلىمۇ ئاشلىقتىن چوقۇم مول ھوسۇل ئالىمىز. چارۋىلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى بۇ يىل ئۆتكەن يىلىغا قارىغاندا يۇقۇرى بولدى.

**ئىش - ھەركەتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، بولمىغانلىقىنى ۋە بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن پېئىللارنى بولۇشسىز پېئىل دەيمىز**

**بولۇشسىز پېئىللار، پېئىل تومۇرىغا «ما، مە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ.**

مەسىلەن: شۇنچە قىلساقمۇ نىمە ئۈچۈندۇر سۆزلىمەيۋاتىدۇ. ئۇ تېخىچىلا كەلمەيۋاتىدۇ. ئەيسا تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئوبدان يەكۈنلەپ يامان ئادەم. يامان ئىشلارغا ئارىلاشمايۋاتىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇ ئەتىمۇ كەلمەيدۇ.

**48- كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار. بولۇشلۇق پېئىللارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، بولۇشسىز پېئىللارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1939-يىلى ئەتىيازدا، مەشھۇر چىخوي جىڭى باشلاندى. ياپون ئالۋاستىلىرى قاتتىق ھەيۋە بىلەن چىخوي

بازىرىغا كىرىشى بىلەنلا، ئەدىۋنى يەپ ئارمىيىمىز تەرىپىدىن 500 دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى.

جەڭ شىددەتلىك داۋاملاشماقتا. ئارمىيىمىزنىڭ ياردارلىرى جەڭ مەيدانىدىن ئۈزلۈكسىز توشۇلۇۋاتاتتى. جەڭ مەيدانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان كىچىك بىر بۇتخانىدا دوختۇر بېتيۈن ياردارلارنى ئوپېراتسىيە قىلماقتا ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇ، ئىككى كېچە - كۈندۈز دەم ئالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇشتۇمتۇت بىرنەچچە پاي زەمبىرەك ئوقى بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە چۈشتى. قاپ - قارا ئىس - تۈتەكلەر كۆتۈرۈلۈپ، ئوق پارچىلىرى ئۇچۇپ، بۇتخانىنى ئىس - تۈتەك قاپلاپ كەتتى. بېتيۈن بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى. ئۇ يەنىلا ناھايىتى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئوپېراتسىيە ئۈستىلىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ياردەمچىسى ئۇزاتقان قىسقۇچنى ئېلىپ، ياردارنىڭ قوساق بوشلۇقىدىن چەبدەسلىك بىلەن بىر پارچە ئوق پارچىسىنى قىسىپ ئېلىپ پەتنۇسقا تاشلىدى.

دۈشمەن ئايروپىلانلىرى ھاۋادا ئۈزلۈكسىز ئايلىنىپ ئۇچۇشقا، زەمبىرەك ئوقلىرى ئەتراپتا ئۈزلۈكسىز پارتلاشقا باشلىدى. بېتيۈن يەنىلا ئىشنى توختاتمىدى. دىۋىزىيە سەھىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئالدىراش يېتىپ كېلىپ، بېتيۈنغا:

— دىۋىزىيە باشلىقى سىزنىڭ بىر قىسىم ياردارلار بىلەن بىرلىكتە بۇ يەردىن ئايرىلىشىڭىزنى قارار قىلدى، — دېدى. بېتيۈن بىر دەم ئويلىنىۋېلىپ:

— بىر قىسىم ياردارلارنى يۆتكەپ كېتىشكە قوشۇلىمەن. ئەمدى شەخسەن ئۆزەمگە كەلسەم، جەڭچىلەر بىلەن

بىلله بولىمەن. جەڭچىلەردىن ئايرىلالمايمەن، — دىدى...
ئۇ ئىش ئورنىدىن ئايرىلمىدى.

49 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى بولۇشلۇق پېئىللارنى بولۇشسىز پېئىللارغا ئايلاندۇرۇڭلار ھەمدە ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار.

باشلا، سۆزلە، ئال، كەل، چال، ئوينا، باردى، قارا

## 24. پېئىلدا شەخسلەر

بۇ ماقالىنى مەن يازدىم. بۇ ماقالىنى بىز يازدۇق.
بۇ ماقالىنى سەن يازدىڭ. بۇ ماقالىنى سىلەر يازدىڭلار.
بۇ ماقالىنى ئۇ يازدى. بۇ ماقالىنى ئۇلار يازدى.

> پېئىللار ئىش - ھەرىكەتنىڭ كىم تەرىپىدىن بولغانلىقىنى، ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ.

I شەخس مەن كىتاب ئوقۇۋاتىمەن. (بىرلىك)
مەن كىتاب ئوقۇدۇم. (بىرلىك)
مەن كىتاب ئوقۇيمەن. (بىرلىك)
بىز كىتاب ئوقۇۋاتىمىز. (كۆپلۈك)
بىز كىتاب ئوقۇدۇق. (كۆپلۈك)
بىز كىتاب ئوقۇيمىز. (كۆپلۈك)

II شەخس   سەن كىتاپ ئوقۇۋاتىسەن. (بىرلىك)
سەن كىتاپ ئوقۇدۇڭ. (بىرلىك)
سەن كىتاپ ئوقۇيسەن. (بىرلىك)
سىلەر كىتاپ ئوقۇۋاتىسىلەر. (كۆپلۈك)
سىلەر كىتاپ ئوقۇدۇڭلار. (كۆپلۈك)
سىلەر كىتاپ ئوقۇيسىلەر. (كۆپلۈك)

III شەخس   ئۇ كىتاپ ئوقۇۋاتىدۇ. (بىرلىك)
ئۇ كىتاپ ئوقۇدى. (بىرلىك)
ئۇ كىتاپ ئوقۇيدۇ. (بىرلىك)
ئۇلار كىتاپ ئوقۇۋاتىدۇ. (كۆپلۈك)
ئۇلار كىتاپ ئوقۇدى. (كۆپلۈك)
ئۇلار كىتاپ ئوقۇيدۇ. (كۆپلۈك)

**پېئىلنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارغا ئۇلىنىدۇ.**

**شەخس قوشۇمچىلىرى خەۋەرنى ئىگە بىلەن باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.**

مەسىلەن: مەن ۋەتىنىمنى ياخشى كۆرىمەن. سەن ۋەتىنىڭنى ياخشى كۆرىسەن. ئۇ ۋەتىنىنى ياخشى كۆرىدۇ.

50 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ پېئىللارنى تېپىڭلار، ئۇلارنىڭ نەچچىنچى شەخستە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. مەن ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ دەرىجىلىك مەكتەپنىڭ 2 - سىنىپىدا ئوقۇۋاتىمەن. 2. بىز بۈگۈن يېڭى

دەرس ئۆتتۇق. 3. بىز ئالدىمىزدىكى دەم ئېلىش كۈنى تاققا چىقىمىز. 4. سىلەر يەكشەنبە كۈنىنى نەدە ئۆتكۈزىسىلەر؟ 5. سەن تۈنۈگۈن قويۇلغان «جىمجىت تاڭ» دېگەن كىنونى كۆردۈڭمۇ؟ 6. مەن بۈگۈن كەچتە ئىشچىلار كۇلۇبىدا بولىمەن. 7. ئۇلار ئەتە سىخلار ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنھەركەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدۇ. 8. ئۇ ھازىرلا يېتىپ كەلدى.

51 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پېئىللارغا شەخس قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پېئىللاردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئىشلە، ئۆگەن، ياردەملەش، كۆر، سۆزلە، ئورۇنلا، ياز

ئۈلگە: مەن خەت يازدىم. مەن خەت يېزىۋاتىمەن

مەن خەت يازىمەن.

## 25. پېئىل زامانلىرى

مەن خەت يېزىۋاتىمەن. مەن خەت يازدىم. مەن خەت يازىمەن.

بىرىنچى جۈملىدىكى «يېزىۋاتىمەن» دېگەن پېئىل ئىش - ھەركەتنىڭ ھازىر (سۆزلەۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە) بولۇۋاتقانلىقىنى (داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى) نى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. ئىككىنچى جۈملىدىكى «يازدىم» دېگەن پېئىل ئىش - ھەركەتنىڭ ئۆتۈپ بولغانلىقىنى (سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن ئاۋال) بىلدۈرۈۋاتىدۇ. ئۈچىنچى جۈملىدىكى «يازىمەن» دېگەن پېئىل ئىش - ھەركەتنىڭ تېخى بولمىغانلىقىنى، ئەمدى بولىدى-

غانلىقىنى (سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن) بىلدۈرۈۋاتىدۇ.

پېئىللاردا ئۈچ زامان بار:

1. ھازىرقى زامان. 2. كېلىدىغان زامان. 3. ئۆتكەن زامان.

## 1. ھازىرقى زامان

ئىش - ھەركەتنىڭ ھازىر (سۆزلەۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە) بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن پېئىللارنى ھازىرقى زامان پېئىلى دەيمىز.

مەسىلەن: مەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىمەن. سائادەت كىتاپ ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇ كۆچەتلەرگە سۇ قۇيۇۋاتىدۇ.

52 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى زامان پېئىلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

مەن يەكشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن دەرىزە ئالدىدا كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ قاتتىق بوران چىقىپ، ئارقىدىنلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. مەن دەرھال دەرىزىنى ئەتتىم. ئۆي ئىچى باشقىچىلا دىمىق بولۇپ كەتتى.

بىر دەمدىن كېيىن يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ، چوڭ - چوڭ يامغۇر تامچىلىرى دەرىزە ئەينىكىگە تارسىلداپ ئۇرۇلغىلى تۇردى. دەرىزىدىن قارىسام پۈتۈن جاھان چەكسىز كەڭ مەرۋايىت پەردىسى يېپىنغاندەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. يام

غۇر ئوتتۇرىدىكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى كاھىشلارغا چۈشكەندە چاچراپ چىققان سۇلار دەرىزىدىن قارىغاندا، خۇددى ئۆگزىنى بىر قەۋەت سۇس ئىس - تۈتەك قاپلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. يامغۇر سۈيى ئۆينىڭ لەمپىسىدىن ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە يىپى ئۈزۈلگەن مارجانلاردەك ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ تامچىلىدى. كېيىن بارا - بارا بۇ تامچىلار تۇتىشىپ شۇقىراپ ئېقىشقا باشلىدى. يەردىكى يامغۇر سۇلىرى بارغانچە كۆپىيىپ، بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، كىچىك ئېرىق ھاسىل قىلىپ ئاقتى.

بۇ ھەقىقەتەن دەل ۋاقتىدا ياققان يامغۇر ئىدى. ئېتىزلاردىكى قوناق مايسىلىرى شالدۇر - شۇلدۇر قىلىشىپ، خۇشاللىق ناخشىلىرى ئېيتىشتى.

## 2. ئۆتكەن زامان

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ئۆتكەن زامان پېئىلى دەيمىز.**

مەسىلەن: مەن بۇ رەسىمنى تۈنۈگۈن سىزدىم. بۇ رەسىم كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ، بۇ يەرگە كېلىپلا كېتىپ قالدى. بۇ ماقالا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى.

53 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى

زاماندا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

... بۇ يولسىزلىقتا غەزەپلەنگەن چۈمۈلىلەر يىلاننىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي، ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۆز نەزىرىدە رەزگى كۆرۈنگەن چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇنى كۆزگە ئىلماي-ۋاتقانلىقى يىلانغا قاتتىق ئەلەم قىلىپتۇ - دە، بىر چۈمۈلىنى چېقىپ جېنىغا زامىن بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن چۈمۈلىلەر يىلان-نىڭ ۋەھشى ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۆلگەن سەپدىشىنىڭ قىسا-سىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇشمۇ - تۇشتىن يىلانغا يېپىشىپ، ئۇنى چېقىشقا باشلاپتۇ. يىلان چىدىيالماي ئۆزىنى ھەر تە-رەپكە تاشلاپ بېقىپتۇ. بىراق چۈمۈلىلەردىن زادىلا قۇتۇلال-ماپتۇ. ئاخىرچە چۈمۈلىلەر ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ مە-ڭىسىنى تېشىشكە باشلاپتۇ. يىلان جان ئاچچىقىدا «ۋاي دات!» دەپ ۋاقىراپتۇ - دە، جان ئۈزۈپتۇ. ئۆملەشكەن كۈچ-نىڭ مۇنچىۋالا قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن چۈمۈلىلەر ئۆز دۈشمىنىنى يوقاتقانلىقىغا قىزغىن تەنتەنە قىلىشىپتۇ.

## 3. كېلىدىغان زامان

**ئىش - ھەرىكەتنىڭ كېلىدىغان ۋاقىتتا (سۆزلە-ۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن) بولىدىغانلىقىنى ياكى بول-مايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى كېلىدىغان زامان پېئىلى دەيمىز.**

مەسىلەن: بىز ئەتە ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرىنى ساي-لاش يىغىنى ئاچىمىز. بۈگۈن كەچ تېلېۋىزوردا «يايلاقتىكى

ملتىق ئاۋازى» دىگەن كىنو كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بىز بۇ ئىشتا چوقۇم ئەتىجە قازىنىمىز.

54 ــ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يې‍زىڭلار، كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

...تاقىتىم تاق، مېنىڭمۇ دوستۇم،
(ئۆگىنىشىم پۈتۈش ئالدىدا).
مەن بارىمەن،
ئىشەنگىن چوقۇم،
يىراق ئەمەس ــ يېقىن ئارىدا.

مەن يېزامنىڭ يېشىل قوينىغا،
پولات ئاتنى ئېلىپ بارىمەن.
تەڭكەش قىلىپ يېڭى يېزامغا،
يېڭى سازنى چېلىپ بارىمەن.

ۋاھ ... شۇ چاغدا ئۇەمتكە چۆمۈپ،
قىزىتىمىز تازا چېلىشنى.
ئاندىن كۆرۈك، زوقلارغا تولۇپ،
تاغدەك ـ تاغدەك ھوسۇل ئېلىشنى.

55 ــ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پېئىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە تۈزۈڭلار.

يازىمەن، ئىشلەيمەن، بولىدۇ، بارىدۇ، كېلىدۇ، ئوقۇيدۇ، كۈتۈۋالىمىز

ئۆلگە: يېڭى يىلنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەلا نەتىجىلەرىمىز بىلەن كۈتۈۋالىمىز.

## 26 . بۇيرۇق پېئىل

بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، مەسلىھەت، ئۈندەش، خالاش مەنىسىدە كەلگەن پېئىللارنى بۇيرۇق پېئىل دەيمىز.

بۇيرۇق پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: يولداشلار، ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل ئىشلەڭلار (ئۈندەش)! ياسىن، بوشاڭلىق قىلماي ئىشىڭنى پۇختا ئىشلە (بۇيرۇق). يولداش ئايىم، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىڭىزنى يولداشلارغا تونۇشتۇرۇپ بەرسىڭىز (ئۆتۈنۈش). يولداش مامۇت، خىزمەتنىمۇ ئىشلەڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە سالامەتلىكىڭىزنىمۇ ئاسراڭ (مەسلىھەت). مەن بۈگۈن ئىشقا باراي (خالاش).

56 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار، بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

ئۆگەن

ئىلىم – پەن كۆكىدە پەرۋاز قىلىپ ئەركىن قانات قاققىن،
ئۆگەن ياشلىق باھارىڭدا، بىلىمنىڭ مېغىزىنى چاققىن.

ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتمەك ھەزەر ئەيلە نادانلىقتىن.
ئەقىل نۇرىدا قەلبىڭنى يورۇت ئۆچمەس چىراق ياققىن.
ئەمەس پەننىڭ يولى تەكشى، تىرىشقىن، چوققىغا ئۆرلە.
كۆرۈنگەي شۇندىلا مەنزىل، ئۇمىتۋار كۆز بىلەن باققىن.
ماقال بار «كىم جاپا چەكسە، گۆھەرنى شۇ ئالار تاشتىن»
بىلىم ئوكيانىغا شۇڭغۇپ ئېسىل گۆھەر، سەدەپ تاپقىن.
ئەجىر قىلساڭ تۆكۈپ ساپ تەر، مۇرادىڭ بولغۇسى ھاسىل
ئاتاق شۆھرەتنى — قوغلاشما، قانائەتتىن يىراق قاچقىن.
ئىجات — مېھنەتكە دەۋرىمدە يارالدى كەڭتاشا ئىمكان،
قىلىپ تەسلىم تەبىئەتنى، چىگىش تىلسىم سىرىن ئاچقىن.
ۋەتەننىڭ ئەجرىنى ئاقلاپ، كۈچۈڭنى تۆھپە قىل ئەلگە.
«ئەگەر زەررە ئوتۇڭ بولسا، ئۇنىڭدىن زەررە نۇر چاچقىن!»

## 27. ھال پېئىل

مەن تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن. ئۇ بۇ كىتابنى ئوقۇ... بولدى. يامغۇر شاقىراپ ياغدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ قالدى.

يۇقۇرىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭلا... ئۇلارنىڭ تومۇرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار. تومۇرغا قانداق قوشۇ... چىلەر ئۇلانغان؟

ئۆز ئالدىغا بىر مەنىنى ئاياقلاشتۇرالمايدىغان، جۈملىنىڭ پېئىلدىن بولغان خەۋىرىگە باغلىنىپ، ئىش — ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىدىكى ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ھال پېئىل دەيمىز.

مەسىلەن: بىز ئاشلىقنى يىغىپ بولدۇق. ئۇ ئۇيلانغىنىچە تۇرۇپ قالدى. بىز كۆكتاتلارنى سوغىرىپ بولدۇق.

> هال پېئىللار بۇيرۇق پېئىللىرىنىڭ ئاخىرىغا «ﭖ، ىپ، ۇپ، ۈپ» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ساتتار ۋەزىيەتنى ناهايىتى تېز ئورۇنلاپ بولدى. ئۇ كىلىپ قالدى. بىز ئىشلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتۇق. يولداش مەھەممەت سىخ باشلىغىنىڭ سۆزىنى قولىغىدا چىڭ تۇتۇپ، تېخنىكىنى تېزلا ئىگەللىۋالدى.

بىرىنچى جۈملىدىكى «ئورۇنلاپ» دىگەن هال پېئىل «ئورۇنلا» دىگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «پ» قوشۇمچىسىنىڭ، ئىككىنچى جۈملىدىكى «كىلىپ» دىگەن هال پېئىل «كەل» دىگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «ىپ» قوشۇمچىسىنىڭ. ئۈچىنچى جۈملىدىكى «كەچۈرۈپ» دىگەن هال پېئىل «كۆچۈر» دىگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «ۈپ» قوشۇمچىسىنىڭ، تۆتىنچى جۈملىدىكى «تۇتۇپ» دىگەن هال پېئىل «تۇت» دىگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «ۇپ» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان.

57 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، هال پېئىللارنى تېپىڭلار، ئۇلارنىڭ قايسى پېئىل بىلەن باغلىنىپ كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

... تاغام ۋاپات بولىدىغان يىلى بىرىنچى ئاي ئىچىدە

بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، دادام بىلەن ئانام مېنى
ئۆزلىرى بىلەن تاغاملارنىڭكىگە ئېلىپ باردى. ئۇ چاغلاردا
بىز دائىم ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ھەدەم، سىڭلىم ۋە مەن
ئۈچىمىز نۆۋەتلىشىپ دادام ۋە ئانام بىلەن بىللە تاغاملار-
نىڭكىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەتتۇق. مانا شۇنداق كۈنلەر-
نىڭ بىرى كەچكى تاماق ئۈستىدە تاغام بىلەن مەن «سۇ
بويىدا» دېگەن كىتاپتىكى ھېكايىلەر ۋە كىشىلەر توغرىسىدا
سۆزلىشىپ قالدۇق. مېنىڭ بۇ كىتاپنى ئوقۇغانلىقىمنى تاغام
قانداق بىلىۋالغانلىقىنى بەلگىسىز. ئېھتىمال، دادام ئۇنىڭغا
ئېيتقان بولۇشى كېرەك. راستىنى ئېيتسام، بۇ كىتاپنى چۈ-
شەنمەي، مۇنداقلا بىر قېتىم كۆرۈپ قويغان. كىشىلەرنىڭ
دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، تەسىرلەندۈرىدىغان بەزى
قىسىملىرىنىلا كۆڭۈل بۆلگەن ئىدىم. ئۇنىڭدىكى ياخشى كىشى-
لەرنىڭ خىسلىتىنى، مۇرەككەپ مەزمۇنلىرىنى ئېنىق چۈشىنى-
كېتەلمەيتتىم. ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭدىكى قايسى بىر كىشىنىڭ
قىلغان ئىشىنى ئىككىنچى بىرسىنىڭ قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ
قوياتتىم. تاغام مەندىن سورىغاندا، مەن ئۇنىڭغا نامۇۋاپىق،
قالايمىقان نەرسىلەرنى دەپ قويدۇم. تاغام بۇرۇتىنى سىلى-
غىنىچە كۈلۈپ كەتتى. «ھا... ھا... ھا...! ھېلى ھەم يەنە
مېنىڭ خاتىرەم جايىدا» دېدى. تاغامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن خىجالەت بولدۇم ھەم پۇشايمان قىلدىم.
تاياق يەپ تىل ئىشىتكەندىنمۇ قاتتىقراق قىينالدىم. شۇندىن
تارتىپ قانداقلىكى بىر كىتاپنى ئوقۇسام ئۇنى چۈشىنىپ
ئوقۇيدىغان بولدۇم.

58 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى بۇيرۇق پېئىللارغا «پ، ىپ، ۇپ، ۈپ» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، ھال پېئىللارنى ياساڭلار ھەمدە ئۇلارنى جۈملە ئىچىدە كەلتۈرۈڭلار.

كۆر، ئاڭلا، كۈل، بىل، كەل، قارا، ياز، ئوقۇ، كۈت.

**ئۈلگە:** سىنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم.

## 28. ياردەمچى پېئىل

1. باغدا رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلدى.
2. باغدا رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتتى.
3. كۈن ئىسسىدى.
4. كۈن ئىسسىپ كەتتى.

يۇقىرىدىكى جۈملىلەرگە دىققەت قىلىڭلار. بىرىنچى جۈملە بىلەن ئىككىنچى جۈملىنى، ئۈچىنچى جۈملە بىلەن تۆتىنچى جۈملىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن بىللە پېئىللارغا سەپسېلىڭلار.

**جۈملىدە ھال پېئىللارغا قوشۇلۇپ ئىپتىلىدىغان پېئىللارنى ياردەمچى پېئىل دەيمىز.**

**مەسىلەن:** ئىشچىلار يىغىلىپ قالدى. سىنىڭ خېتىڭنى ئوقۇپ چىقتىم.

بىرىنچى جۈملىدىكى «يىغىلىپ» ھال پېئىل، «قالدى» ياردەمچى پېئىل. ئىككىنچى جۈملىدىكى «ئوقۇپ» ھال پېئىل، «چىقتىم» ياردەمچى پېئىل.

> ياردەمچى پېئىللار تولاراق جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارغا ياردەمچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: يازلىق يىغىن ئاخىرلىشىپ قالدى. ئۇ قايتىپ كەلگەن ئىكەن.

> ياردەمچى پېئىللار جۈملىدە ھال پېئىللاردىن كېيىن كېلىدۇ ۋە ھال پېئىللارغا قوشۇلماي، ئايرىم يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: بۇ خەتنى ئاكام يازغان ئىكەن. كەچ كىرىپ قالدى.

59 - كۆنۈكمە: كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ياردەمچى پېئىللارنى قويۇپ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1. بىز باققا مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىككەن... ھازىر ئۇلار مېۋىگە كىرىپ... 2. مەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ... 3. يامغۇردىن كېيىن ھاۋا سالقىن بولۇپ... 4. بۇ ئىشنى ئەخمەتكە تاپشۇرۇپ... 5. سىراجىدىن ئەتىگەندە بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن... 6. ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا تۇرسۇن يېقىندا قايتىپ... 7. مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئۇنى يوقلاپ... 8. ئۇ تۈنۈگۈنلا بۇ يەردىن كەتكەن...

60 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، خەۋەرلەرنى تېپىڭلار. ھەر بىر جۈملىنىڭ خەۋىرى قانچە سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياردەمچى پېئىللارنى ئېنىقلاڭلار.

گوركىي دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر ئەدىپ. ئۇنىڭ باللىق ۋاقىتلىرىدا روسىيىگە چار پادىشا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشىدىن ئۇ بىر سىزمىچىنىڭ ئۆيىدە ئىشلىدى. ئۇ ئەتىدىن – كەچكىچە خوجايىنىنىڭ يەر سۈپۈرۈش، ئۈستەللەرنى سۈرتۈش، بالا بېقىش قاتارلىق ئىشلىرىنى قىلىپ، ھېچ ھالى قالمايتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۆگىنىشنى زادىلا بوشاشتۇرۇپ قويمايتتى. باشقىلاردىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيتتى. سىزمىچىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنى ئىشقا سېلىشنىلا بىلەتتى. كىتاب ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ ھامان يوشۇرۇنچە كىتاب كۆرەتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى، سىزمىچىنىڭ ئۆيىدىكىلەر سىرتقا ئوينىغىلى چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئىشتىن گوركىي ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ شامنى ياندۇرۇپ، ئاشخانىغا كىرىپ خۇشال ھالدا كىتاب ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئۇ كىتابقا ئىنتايىن بېرىلىپ كېتىدۇ. ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىغى بىرنەچچە قېتىم جىرىڭلىغاندىلا، ئۇ ئېسىگە كېلىپ، خوجايىنلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ – دە، ھودۇققىنىدىن كىتابنى ئالدىراپ – تېنەپ يوشۇرۇپ قويۇپ، ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ. خوجايىن ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇنى كايىپ كېتىدۇ. گوركىي گاڭگىرىغان ھالدا ئۈنچىقماي تۇرۇپلا قالىدۇ. ھەممەيلەن ئۇيقۇغا كەتكەندە ئۇ ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ، كىتابنى ئېلىپ دەرىزە ئالدىغا ئەكىلىپ كۆرىدۇ. كېچە سۈپ – سۈزۈك ئايدىڭ بولسىمۇ، كىتابتىكى خەتلەر بەك ئۇششاق بولۇپ، زورۇقۇپ كۆرگەچكە كۆزى ئاغرىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ئورۇندۇققا چىقىپ، بۇتنىڭ ئالدىدىكى شامنىڭ

ورۇغىدا كىتاپ ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئۇ كىتاپنى ئوقۇۋېتىپ چارچىغىنىدىن ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ چۈشىدۇ...

## 29. پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى

**پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىشىنى پېئىللارنىڭ شەخسلەر بىلەن تۈرلىنىشى دەيمىز.**

**پېئىللار ئۈچ شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ.**

پېئىللار شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىككى تۈرلۈك بولۇپ تۈرلىنىدۇ:

**1. كېلىدىغان زامان بۇيرۇق مەنىسىدە تۈرلىنىشى**

مەسىلەن: مەن ئىشلەي. بىز ئىشلەيلى.

| | |
|---|---|
| سەن ئىشلە. | سىلەر ئىشلەڭلار. |
| ئۇ ئىشلىسۇن. | ئۇلار ئىشلىسۇن. |
| مەن ئىشلىمەي. | بىز ئىشلىمەيلى. |
| سەن ئىشلىمە. | سىلەر ئىشلىمەڭلار. |
| ئۇ ئىشلىمىسۇن. | ئۇلار ئىشلىمىسۇن. |

**2. هازىرقى زامان، ئۆتكەن زامان ۋە كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنىڭ خەۋەر مەنىسىدە تۈرلىنىشى**

هازىرقى زامان

| | |
|---|---|
| مەن سۆزلەۋاتىمەن. | بىز سۆزلەۋاتىمىز. |
| سەن سۆزلەۋاتىسەن. | سىلەر سۆزلەۋاتىسىلەر. |
| ئۇ سۆزلەۋاتىدۇ. | ئۇلار سۆزلەۋاتىدۇ. |

### ئۆتكەن زامان

| | |
|---|---|
| مەن سۆزلىدىم. | بىز سۆزلىدۇق. |
| سەن سۆزلىدىڭ. | سىلەر سۆزلىدىڭلار. |
| ئۇ سۆزلىدى. | ئۇلار سۆزلىدى. |

### كېلىدىغان زامان

| | |
|---|---|
| مەن سۆزلەيمەن. | بىز سۆزلەيمىز. |
| سەن سۆزلەيسەن. | سىلەر سۆزلەيسىلەر. |
| ئۇ سۆزلەيدۇ. | ئۇلار سۆزلەيدۇ. |

**پېئىللارنىڭ كېلىدىغان زامان بۇيرۇق مەنىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئۈلگىسى:**

### 1. بولۇشلۇق تۈرى

| شەخسلەر | پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | |
|---|---|---|
| | بىرلىك | كۆپلۈك |
| I شەخس (سۆزلىگۈچى) | باراي، كېلەي | بارايلى، كېلەيلى |
| II شەخس (تىڭشىغۇچى) | بار، بارغىن<br>كەل، كەلگىن | بېرىڭلار، كېلىڭلار |
| III شەخس (ئۆزگە) | بارسۇن، كەلسۇن | بارسۇن، كەلسۇن |

61 - كۆنۈكمە: ئال، كەت، كەل دېگەن پېئىللارنى بۇي-
رۇق مەنىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭلار.

## 2. بولۇشسىز تۈرى

| شەخسلەر | پېئىللارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى | |
|---|---|---|
| | بىرلىك | كۆپلۈك |
| I شەخس (سۆزلىگۈچى) | بارماي، كەلمەي | بارمايلى، كەلمەيلى |
| II شەخس (تىڭشىغۇچى) | بارما، كەلمە | بارماڭلار، كەلمەڭلا |
| III شەخس (ئۆزگە) | بارمىسۇن، كەلمىسۇن | بارمىسۇن، كەلمىسۇن |

62 - كۆنۈكمە: ئال، كەت دېگەن پېئىللارنى بولۇشسىز كېلىدىغان زامان بۇيرۇق مەنىسىدە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭلار.

## كۆپلۈك

| شەخسلەر | هازىرقى زامان | كېلىدىغان زامان | ئۆتكەن زامان |
|---|---|---|---|
| I شەخس | كەلمەيۋاتىمىز | كەلمەيمىز | كەلمىدۇق |
| (سۆزلىگۈچى) | بارمايۋاتىمىز | بارمايمىز | بارمىدۇق |
| II شەخس | كەلمەيۋاتىسلەر | كەلمەيسلەر | كەلمىدىڭلار |
| (تىڭشىغۇچى) | بارمايۋاتىسلەر | بارمايسلەر | بارمىدىڭلار |
| III شەخس | كەلمەيۋاتىدۇ | كەلمەيدۇ | كەلمىدى |
| (ئۆزگە) | بارمايۋاتىدۇ | بارمايدۇ | بارمىدى |

**63 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارنىڭ قايسى شەخستە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. مەن ئۆتۈلگەن دەرسنى تەكرارلاپ بولدۇم. 2. بىز ئىشنى پىلان بويىچە ئىشلەيمىز. 3. سىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپەڭلارنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدىڭلارمۇ؟ 4. تۇرسۇنئاي ناخشىنى ئىنتايىن ياخشى ئېيتتى. 5. بىز ئۇنىڭ ناخشىسىنى قىزىقىپ تىڭشىدۇق. 6. سىز ياشقىلاردىن زادىلا قېلىشماڭ.

**64 - كۆنۈكمە:** ياز، تىڭشا، ماڭ دېگەن پېئىللارنى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەپ، جۈملە ئىچىدە ئېيتىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار جۈملىنىڭ قانداق بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ؟ ئېيتىپ بېرىڭلار.

شەخس قوشۇمچىلىرى جۈملىدە خەۋەرگە ئۇلىنىپ، خەۋەرنى ئىگە بىلەن باغلاپ كېلىدۇ. جۈملىدە ئىگە قايسى شەخستە ئېيتىلسا، خەۋەرمۇ شۇ شەخسنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن ئېيتىلىدۇ ھەم يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: مەن تىراكتۇر ھەيدىدىم.
سەن تىراكتۇر ھەيدىدىڭ.
ئۇ تىراكتۇر ھەيدىدى.

لېكىن ھازىرقى زامان، ئۆتكەن زامان، كېلىدىغان زامانلارنىڭ ھەممىسىدە ئۈچىنچى شەخسنىڭ بىرلىك، كۆپلۈكى ئوخشاش بولىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ يېزىۋاتىدۇ. ئۇ يازدى. ئۇ يازىدۇ.
ئۇلار يېزىۋاتىدۇ. ئۇلار يازدى. ئۇلار يازىدۇ.

## 30. سۈپەت پېئىل

بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا «غان، قان، گەن، كەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان پېئىللارنى سۈپەت پېئىل دەيمىز.

مەسىلەن: كېچە ياققان قار ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك قار بولدى. ئۇ ھەقىقەتەن كۆپنى كۆرگەن ئادەم. لۇتپۇللا

مۇتەللىپنىڭ يازغان شېئىرلىرى ئىنقىلاۋىي ئۈمىتۋارلىق بىلەن تولغان. بىز ئۆتكەن يىلى تىككەن كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۈتۈپ، خېلىلا چوڭ بولۇپ قاپتۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «ياققان، كۆرگەن، يازغان، تولغان، تىككەن» دىگەن سۆزلەر سۈپەت پېئىل بولۇپ، «باغ، كۆر، ياز، تول، تىك» دىگەن بۇيرۇق پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا «قان، گەن، غان، كەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان.

**سۈپەت پېئىللار ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بولىدۇ. بەزىدە سۈپەت پېئىللار ئىسىم ئورنىدىمۇ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: ئوقۇغان ئادەم. (قانداق ئادەم؟) كەسكەن پىچاق. (قانداق پىچاق؟) كۆرگەن كىنو. ياققان ياغۇر. ئەمگەك قىلغان بەختلىك بولىدۇ. كۆپنى كۆرگەن كۆپ بىلەر.

بۇ جۈملىلەردىكى «قىلغان، كۆرگەن» دىگەن سۈپەت پېئىللار ئىسىم ئورنىدا كەلگەن ھەم جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان.

**65 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، سۈپەت پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق ياسالغانلىغىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئېرىق چېپىش ئاخىرلاشقان كۈنى ۋاڭ غوجا چېلىش قىلىپ بەردى. چېلىش مەركىسى ۋاڭ غوجىلارنىڭ ئىچ پۇ-شۇغىنى چىقىرىدىغان ئۆيۈنى، شۇنداقلا ئوردىدا بېقىلىۋاتقان

چېلىشقاق زەنگىلەرنىڭ كۈچىنى كۆرىدىغان مەيدانى ئىدى. بىرقانچە كۈندىن بېرى ئېرىقتا ئىشلەپ هاردۇق يەتكەن كىشىلەر هارغانلىقىغا قارىماي چېلىشقا قاتناشتى. شۇنىڭدەك چېلىش بولىدىغان خەۋەرنى ئاڭلىغان يۇرت خەلقى ۋە چېلىشخۇمارلىرىدىنمۇ بىرقانچە يۈز ئادەم چەتتىن توپلانغان ئىدى. بىر چوڭ باغنىڭ كۈن چىقىش تەرىپى — چۈشتىن كېيىن دەرەخ كۆلەڭگىسى تېز چوڭلايدىغان قۇملۇق يەرنى چېلىش مەيدانى قىلىپ تەيىنلىدى.

خەلق يىراق - يېقىندىن ئارقىمۇ - ئارقا چېلىش مەيدانىغا توپلىنىشقا باشلىدى. خەلق هەرقايسىسى ئۆز توپى بىلەن، ياش - قورامىغا بېقىپ توپلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆز-ئارا پاراڭ سېلىشماقتا. كىشىلەر چېلىش مەيدانىنى چۆرىدەپ، بىر تەرەپتىن پاراڭلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياش باللارنى چېلىشقا سېلىپ قويۇپ، تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ تەرەپتىن ۋاڭ غوجا ئۆز ئادەملىرى بىلەن سىپايە قەدەم تاشلىغان هالدا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا پاي - پېتەك بولۇشقان دوغىلار، كاهلار ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام كۆرسەتەتتى. ۋاڭ يېتىپ كەلگەن هامان، چېلىش مەيدانىغا توپلانغان خەلق ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان ۋاڭ جامائەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، هازىرلانغان كاتقا بېرىپ كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاڭنىڭ چېلىشچى زەنگىسى مەيدانغا كەلتۈرۈلدى. كىشىلەرنىڭ دىققىتى دەرهال شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. هەممەيلەن كېلىۋاتقان زەنگىگە قارىشاتتى. سوقا باش، دوقا پىشانە، سىم ساقال، گەۋدىلىك، بوينىغا چىرايلىق

قۇيما تۇش زەنجىر سېلىنغان بۇ ئادەمنى قارانچۇق كاھ ئېھ-
تىيات بىلەن يېتەكلەپ كەلمەكتە ئىدى.

ۋاڭلار نىمە ئۈچۈن مەخسۇس چېلىشچى ئادەملەرنى بېقىپ، ئۇنىڭغا زەنگى دەپ ئات قويىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن زەنگىنىڭ بوينىغا زەنجىر سېلىپ، چېلىش مەيدانلىرىغا ئېلىپ كېلىدۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسى — مەنسەپ ۋە ئابروي. يەر - سۇ، كىيىم - كېچەك، يىمەك - ئىچمەك، ئات - ئۇلاق، قوش - قورغوي، تايغان - مۇشۇك، ئويۇن - تاماشا... ئومۇمەن ھەممىلا نەرسىدە باشقىلاردىن ۇتالەق ئۈستۈن تۇرۇش ئۈچۈندۇر.

**66 — كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار ئويلاپ 6 جۈملە يېزىڭلار. ئۇ جۈملىلەردە «غان، قان، گەن، كەن» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەت پېئىللار بولسۇن.

## 31. پېئىلنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

**پېئىللار جۈملىدە ئاساسەن، خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.**

مەسىلەن: خەلقىمىز مەملىكىتىمىزنى تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلاندى. مەملىكىتىمىزنى تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمىز.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «ئاتلاندى، ئاشۇرىمىز» دىگەن پېئىللار خەۋەر بولۇپ كەلگەن.

**ھال پېئىللار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: بىز ئىگەللەشكە تېگىشلىك تېخنىكىلىق بىلىملەرنى تىرىشىپ (قانداق؟) ئۆگىنىۋاتىمىز. ئويناپ (قانداق؟) سۆزلىسەكمۇ، ئويلاپ (قانداق؟) سۆزلە. ئۇ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ (قانداق؟) كەتتى.

67 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، پېئىللارنى تېپىڭلار، ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

... ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشتىن مەقسەت ئوقۇش، يېزىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ئوقۇش ئىقتىدارىمىز يۇقۇرى كۆتىرىلسە، گېزىت، ژۇرناللارنى كۆرەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە سىياسى، پەن - تېخنىكا ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر ھەر خىل كىتاپلارنى ئوقۇپ پايدىلىنالايمىز. يېزىش ئىقتىدارىمىز يۇقۇرى كۆتىرىلسە، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل ماقالىلارنى يازالايدىغان بولىمىز. مۇشۇنداق بولغاندا، سىياسى سەۋىيەمىز، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى سەۋىيىمىز ۋە خىزمەت قابىلىيىتىمىز تېخىمۇ تېز يۇقۇرى كۆتىرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەدەبىياتنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

68 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ھال پېئىللارنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

... دۈشمەنلەرنىڭ پىلىموتلىرى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. ئوقلار «ۋىژ - ۋىژ» قىلىپ دۆڭ سۇنرۇينىڭ يېنىغا چۈشكەچكە، يەردىن چاڭ - توزاڭ ۋە ئىس - تۈتەكلەر

كۆتىرىلەتتى. دۇك سۇنرۇي پارتلاتقۇچ دورىنى قولتۇغىغا چىڭ قىسىپ، بىر دەم ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا ئۆمىلەپ ماڭاتتى. يەنە بىر دەم بىرقانچە مېتىر يەرگىچە دومىلاپ باراتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ بەدىنى سىلكىنىپ كەتتى. دۇك سۇنرۇينىڭ سول پۇتىغا ئوق تەككەن ئىدى. سىلاپ بېقىۋىدى، پۇتىنىڭ پۇتۇنلەي قانغا بويالغانلىقىنى بىلدى. دۈشمەن پىلىموتلىرى بىردەك ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئوت تورىنى شەكىللەندۈردى. دۇك سۇنرۇي پوتەيگە بىر-قانچە 10 مېتىر قالدى، ئۇ بىر ئويمان يەرگە يوشۇرۇندى. جىژ شۇنيى ئارقا - ئارقىدىن قول بومبىسى ئېتىپ تۇردى. دۇك سۇنرۇي بۇ چاغدا پارتلاپ چىققان قويۇق ئىس - تۈتەكتىن پايدىلىنىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا ئېتىلىپ بېرىۋالدى.

## 32. رەۋىش

بۈگۈن شەھەر بويىچە چوڭ تازىلىق ئېلىپ بېرىلدى. ھەر خىل ئاپتوموبىللار كەڭ ئاسفالت يولدا تېز كېتىپ باراتتى.

ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى تەرەپتىن ئاڭلاندى.

يۇقىرىقى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە سوئال بېرىڭلار.

ئىش - ھەركەتنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: تۈنۈگۈن سىڭلار ئارا تازىلىقنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ بېرىلدى. بىز ناھايىتى چاپ-سان يولغا چىقتۇق. سۇ يۇقۇرىدىن ئېقىپ چۈشتى.

بىرىنچى جۈملىدىكى «تۈنۈگۈن» دىگەن ئالماش ئىش-ھەركەتنىڭ ۋاقتىنى، ئىككىنچى جۈملىدىكى «چاپسان» دىگەن ئالماش ئىش - ھەركەتنىڭ ھالىتىنى، يەنى ئىش - ھەركەت-نىڭ چاپسان ئورۇنلانغانلىغىنى، ئۈچىنچى جۈملىدىكى «يۇقۇ-رىدىن» دىگەن ئالماش ئىش - ھەركەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈ-رىدۇ.

بىز رەۋىشلەرنىڭ تۈۋەندىكى تۈرلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

1. ۋاقىت رەۋىشلىرى: پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەر-كەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ قاچان؟ دىگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

بۇلار: بۈگۈن، ئەتە، تۈنۈگۈن، كېچە، ئاخشام، ھازىر كېيىن، بۇلتۇر، بۇرۇن، سەھەر، چۈشتە، تۈندە، قىشچە ھەمىشەم...

2. ئورۇن رەۋىشلىرى: ئىش - ھەركەتنىڭ ئورنى-نى بىلدۈرۈپ، قەيەردىن؟ قەيەردە؟ قەيەرگە؟ دىگەن سوئال-لارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

بۇلار: تۈۋەن، يۇقۇرىدا، يۇقۇرىدىن، مەشەدە، شۇ يەردە، نېرى - بېرى، ئالدى - كەينى، يىراق...

3. ھالەت رەۋىشلىرى: ئىش - ھەركەتنىڭ قانداق ئىشقا ئاشقانلىغىنى بىلدۈرۈپ، قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

بۇلار: چاپسان، يۇگۇرۇپ، ئاستا، تۇيۇقسىز، ئالمان - تالمان، ئالدىرىماي، ئۇپۇل - تۇپۇل، ئىلدام، ھارماي - تالماي، دەرھال، قەھرىمانلارچە، ئۈزلۈكسىز، ئۈزۈل - كېسىل، ئەپچىللىك بىلەن ...

رەۋىشلەر ئۆزىنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى تەرىپىدىن سۈپەتلەرگە بەك ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، سۈپەتلەر ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىپ، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىرىنى (تۈرى، رەڭگى، سۈپىتى، تەمى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى) بىلدۈرىدۇ. رەۋىشلەر بولسا، ھەرقاچان پېئىل ۋە سۈپەتلەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پېئىللارغا باغلىنىپ كەلگەن سۈپەتلەرمۇ رەۋىش ۋەزىپىسىدە قوللىنىلىدۇ.

**مەسىلەن:** جاپپار ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلىدۇ. توختى خەتنى چىرايلىق يازىدۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردىكى «ياخشى، چىرايلىق» دېگەن سۈپەتلەر پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىپ، رەۋىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

**69 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇغىلار، سوئال بېرىپ رەۋىشلەرنى تېپىڭلار.

### پاقا بىلەن چاشقان

بۇرۇن بىر سازلىق كۆلدە چارپاقا ھالال ئەمگىكى بىلەن تىنچ ياشايدىكەن. كۆل بويىدىكى ئەسكى تامنىڭ تې

گىدە بولسا بىر قېرى چاشقان ياشايدىكەن.

كۈندۈزى چارپاقا كۆل بويىغا چىقىپ، ئاپتاپقا قاقلانغاچ پاشا، چىۋىن، كۆمۈتا تۇتۇپ يەپ ئولتۇرسا، بىر قېرى چاشقان كامىرىدىن چىقىپتۇ - دە، پاقىنىڭ ئالدىغا ئاستا كېپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پاقىجان، بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي... چاشقانباي، نىمە قىلاتتىم، دادامنىڭ كەسپىنى قىلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پاقا خاتىرجەملىك بىلەن. چاشقان پاقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— بەللى،... تازا ئەخمەق ئىكەنسەن - دە، شۇمۇ كەسىپ بولدىمۇ، «تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارغاندەك» شۇنچىلا بويۇڭ بىلەن پاشا - كۆمۈتا تۇتۇپ، قۇۋۇزۇڭ تولغىدەك بىر-نىمە كۆرمەي جاپا تارتقىنىڭ نىمىسى؟ مانا مەندەك قىلساڭ بولمامدۇ؟ مانا قارا، مۇشۇ ئېتىزلاردىكى بۇغدايلار پۈتۈنلەي مېنىڭكى، — دەپ راسا پىشىپ كېلىۋاتقان ساپ - سېرىق بۇغداي باشاقلىرىنى كۆرسىتىپتۇ.

پاقا چاشقاننىڭ سۆزىگە ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭدىن ئالدىراپ سوراپتۇ:

— گېپىڭنىڭ تازا تېگىگە يېتەلمىدىم چاشقانباي، بۇ بۇغدايلار دىخاننىڭ ئەمەسمۇ، قانداق قىلىپ سېنىڭ بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەخمەق، — دەپتۇ چاشقان، — دىخان بۇغداينى ھەمىشەم ساقلاپ ياتامتى؟ ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۆيمۇ-

ئۆي يۇرۇپ ياخشى نەرسىلەرنىڭ تەمنى تېتىپ كۆرىمەن، خالىسام قىرقىيمەن، خالىسام ئىچىمەن، يازىچە ئېتىزلىقلاردىن ئاشلىق يىغىمەن، قىشىچە ئۇگدا يېتىپ يەيمەن. ھازىر ئامبىرىمدا قانچىلىك ئاشلىغىم بارلىغىنى كۆرگەن بولساڭ باتۇرلۇغۇمغا ھەيران قالاتتىڭ.

پاقا چاشقاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— ياق، چاشقان، مەن سەندەك باتۇر ئەمەس، ئۇنداق قىلالمايمەن. پاشا، چىۋىنلەر كىچىك بولسىمۇ، ئازغا قانائەت قىلىپ ھالال ئەمگەك بىلەن كۈن كەچۈرگىنىم ياخشى، — دەپ ئاغزىنى چاككىدا ئېچىپلا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر چىۋىننى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇۋاپتۇ.

چاشقان ئېغىمۇ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— ئەخمەق، قۇدۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ، ئالەم دۇشۇ دەيسەن، ئەگەر مېنىڭ كەينىمگە كىرسەڭ، نى - نى ئايۋان - سارايلارغا باشلاپ بېرىپ، يىلبويى يېتىپ يىسەڭ تۈگىمىگىدەك پاشا - چىۋىننىڭ ئۇۋىسىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دەپتۇ ئۇ.

70 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. رەۋىشلەرنىڭ ئاستىغا بىر، سۈپەتلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. بىز ۋەزىپىنى چاپسان ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئەتىگەن ئۆيدىن چىقتۇق. 2. مەن ئىشتىن كەچ قايتتىم. 3. كەڭ دالىنى ياپ - يېشىل چىمەنلەر بىر تەكشى قاپلىدى. 4. ئەركىن كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى. 5. بۈگۈن كەچ يېگى كۈلۈپتا ئويۇن قويۇلىدۇ. 6. دىخانلار مول ھوسۇلنى مول يىغتى

يىغىۋېلىش ئۈچۈن جىددىي ئىشلىمەكتە. 7. ئۇ ئىشنى ھەقىقەتەن ياخشى ئىشلەيدۇ. 8. ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق ياخشى يىگىت. 9. ئاقۇپ سوئاللارغا ئېنىق، شۇنداقلا قىسقا جاۋاپ بەردى.

## 33. رەۋىشلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

**رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىلدىن بولغان خەۋەرلەرنى ئېنىقلاپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: بىرىگە بۈگۈن ئۇيغۇر تىلىدىن «رەۋىشلەرنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسى» دېگەن دەرس ئۆتۈلدى. بۈگۈنكى دەرس ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى ئۆزلەشتى. مەن لېك-
يىمنى چاپسان يازدىم.

**رەۋىشلەرگە «كى، قى» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەندە، ئۇلار پېئىللارغا باغلانماي، ئىسىملارغا باغلىنىپ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.**

مەسىلەن: تۈنۈگۈنكى دەرس ھەقىقەتەن چۈشىنىشلىك بولدى. بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرما. مەن يۇقۇرقى قەۋەتتە ئولتۇرىمەن. زاۋۇدىمىزنىڭ ئالدىنقى يىرىم يىللىق پىلانى مۇددەتتىن يىرىم ئاي ئىلگىرى ئورۇنلاندى.

71 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، رەۋىش-

لەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## پوچى پاشا

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر زەيكەشلىكتە بىر توپ پاشا بىر - بىرىنى راسا ماختىشىپ گىڭگىلدىشىۋاتقان ئىكەن. تۇيۇقسىز بوران چىقىپ كېتىپتۇ. پاشىلار ئالمان - تالمان قېچىشقا ھەركەتلىنىپتۇ. لېكىن ئۈلگۈرەلمەپتۇ. بوران ئۇلارنى ئۇچۇرتۇپ تاملارغا، دەل - دەرەخلەرگە زەرپ بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ شۇ ھامان ئىجىغىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. ئارىدا بىر پاشا ئۆلمەي قاپتۇ. سەۋەبى، بوران ئۇنى يوغان بىر تۈپ ئالما دەرىخىگە ئۇرغاندا بۇ پاشا دەرەخ قوۋزىقىنىڭ ئارىسىغا كەپلىشىپ قالغان ئىكەن.

ئەتىگەن بوران توختىغاندىن كېيىن، ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئاستا ئەتراپىغا قاراپتۇ. قارىسا، ئۆزى شۇنداق كېلىشكەن، كاتتا بىر باغنىڭ ئىچىدە تۇرغىدەك. پاشا ئۆزىنىڭ ھايات قالغانلىقىدىن خوشال بولۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي كېتىپتۇ ۋە بۇنداق كەڭتاشا، گۈزەل باغدىن زادىلا كەتكۈسى كەلمەپتۇ. ئۇ يان ئويلاپ - بۇ يان ئويلاپ، ئاخىرى مۇشۇ باغنىڭ پادىشاسى بولۇش شېرىن خىيالىنى قىپتۇ - دە، ئالما دەرىخىنىڭ يۇقۇرىسىغا يامىشىپ چىقىپتۇ. ئۇ يۇقۇرىدا تۇرۇپ، خۇشاللىقىدىن ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا بۇنىڭ گىڭگىلدىشىدىن بىزار بولغان ئالما دەرىخى:

— ھەي، ئاۋاق! نەدىن پەيدا بولۇپ قالغان بىرنىمە

سەن؟ بىغىمىزنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرماي يوقال بۇ يەردىن! — دەپ قاتتىق ۋاقىراپتۇ.

پاشا كۆردىگىلىك بىلەن ئاستا ھىجىيىپتۇ ـ دە:

— ۋاھ، ماڭا تازىم قىلىپ رەھمەت ئېيتماق يوق، يەنە تېخى يوقال دەيسىنا! — دەپتۇ.

— نىمە قىلغىنىڭغا رەھمەت ئېيتاتتىم؟ — دەپتۇ ئالما دەرىخى ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ.

پاشا ئىزا تارتماي سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟ سېنى بايىقى بوراندىن ساقلاپ قالمىغان بولسام، ئاللىقاچان سۇنۇپ، يىلتىزىڭمۇ قالمىغان بولاتتى...

ئالما دەرىخى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ...

ئۇنىڭ ھازىرقى سۆزىدىن باشقا ئالما دەرەخلىرىمۇ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ھىلىقى ئالما دەرىخى ئۇنى يەنە گەپكە ـ لىپ باقماقچى بولۇپ:

— ئۆزەڭ دەپ باقە، سەن كىم بولىسەن؟ — دەپتۇ.

— مەن مۇشۇ باغنىڭ خوجايىنى!

— پاھ، بۇ باغنى سەن بىنا قىلغانمۇ؟ — دەپتۇ ئالما دەرىخى تەنە قىلىپ.

— تاپتىڭ، تاپتىڭ! — دەپ خوشال بولۇپ ۋاقىرـ ۋېتىپتۇ پاشا، — پەقەت دۇنيادا مەنلا مۇشۇنداق گۈزەل باغلارنى بىنا قىلالايمەن... بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلاردا ھەممىڭلار مېنىڭ ئەمرىمگە بوي سۇنۇڭلار...—

ئۇ تونۇگۈنكى ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ئىدى.

ئۇنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي كاپشىشلىرىدىن بىزار بولغان ئالما دەرەخلىرى:

— يوقال، يۈزى قىلىن شەرمەندە! — دەپ تەگلا ۋاقىرىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن پەيدا بولغان شامال نىڭ كۈچى بىلەن پاشا قاڭقىپ بېرىپ، بىر تىكەنگە سانچىلىپ قاپتۇ - دە، «ئۆزەمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالازغا يۆگىلىپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دەپ بىر ھازاغىچە گىڭىلداپ يىقىپ، ئاخىرى پۇت - قوللىرىنى ئاستا سۇنۇپ مەڭگۈگە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

**72 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى رەۋىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار. ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

ئەتىگەن، تۈيۇقسىز، ئۈزلۈكسىز، ئۆتكەن يىلقى، بۇلتۇر، ئاخشام، تۈنۈگۈنكى

**ئۈلگە:** بىز مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىقتىن ساقلىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىمىز لازىم.

## 34. ياردەمچى سۆزلەر

مەن بۈگۈن ئىشلىدىم ھەم مەكتەپكە بېرىپ دەرس ئاڭلىدىم.

قاسىم بىلەن قۇربان ھەر ئىككىلىسى بىر زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ.

كېچە بوران چىقتى، لېكىن ئاشلىقلارغا زىيان

يەتكۈزەلمىدى.

ئۇ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە.

يۇقۇرقى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى رولىغا دىققەت قىلىڭلار.

**جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولالمايدىغان (ئۆز ئالدىغا مەنە ئاڭلىتالمايدىغان)، پەقەت ئايرىم سۆزلەرنى ياكى جۈملىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەر دېيىلىدۇ.**

**ياردەمچى سۆزلەر مۇنۇلار:** ۋە، ھەم، ئۈچۈن بىلەن، ھەمدە، يە، ياكى، لېكىن، ئەمما، بىراق، يەنە، چۈنكى، شۇنىڭ بىلەن، شۇنىڭدەك، ھە، مۇ، چۇ، دۇ، دە، غۇ، قۇ ۋە باشقىلار.

**مەسىلەن:** ئاۋۇت بىلەن سادىق بىزنىڭ ئۆيدىن ھازىرلا كېتىپ قالدى. تۈنۈگۈن ھاۋا كەچكىچە بۇلۇتلۇق بولدى، لېكىن يامغۇر ياغمىدى. بىز بۈگۈن، يا ئەتە بۇ يەردىن ئايرىلىمىز. پاھ، بۇ نېمە دېگەن مەنزىرىلىك جاي - ھە! ئۇ يېتىپ كەلدى - دە، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى...

**73 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار، ياردەمچى سۆزلەرنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ جۈملىدە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

...لىشجېن بۇ كىتاپنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن،
داۋالاش ئەمەلىيىتىدە كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش،
مىڭ خىلدىن ئارتۇق دورا ئۈسۈملۈكلىرى كىتاپلىرىنى ئوقۇپ
چىقىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆزى ئاقىقا چىقىپ دورا يىغ-
قان. ئۇ تاغلارنىڭ ئىگىز، يوللارنىڭ يىراق بولۇشىدىن،
قاتتىق سوغاق ھەم تومۇز ئىسسىقلاردىنمۇ قورقماي دورا
ماتىرىياللىرى چىقىدىغان مەشھۇر تاغلارنى كېزىپ چىققان.
بەزىدە بىرنەچچە كۈنلەرگىچە تاغدىن چۈشمەي، قوسىغى
ئاچسا ئېلىۋالغان نان - ياناقلىرىنى يىگەن، شۇنداقلا كەچ
قالسا تاغدا تۈنەپ قالغان. ئۇ يېڭى بىر خىل دورا ماتىرىيا-
لىنى كۆرگەندە ئىنتايىن خوشال بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى،
غولى، يوپۇرمىغى، گۈلى ۋە مېۋىسىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق
قىلغان ھەم ئۇنىڭ قايسى ئورگە كىرىدىغانلىغىنى مۇئەييەن-
لەشتۈرگەن. ئۇ يەنە تاغدىن بىرمۇنچە نۇسخىلەرنى ئالغاچ
كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش جەھەتتىكى ئۈنۈمىنى تەتقىق
قىلغان. لىشجېن تۆمەنمىڭ چاقىرىم يول مېڭىپ، مىڭلىغان
تىۋىپلار، پىشقەدەم دىخانلار، بېلىقچىلار ۋە ئوۋچىلارنى
زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن.
ئۇلار لىشجېنغا ھەر خىل دورا ماتىرىياللىرىنىڭ ئۆسۈش
ئەھۋالىنى ۋە خەلق ئىچىدە تارقالغان نۇرغۇن مەخپى رېتسىپ
ۋە يەرلىك رېتسىپلارنى ئېيتىپ بەرگەن، يەنە ئۇنىڭغا يار-
دەملىشىپ نۇرغۇن دورا ماتىرىياللىرىنى يىغىشىپ بەرگەن.
ئۇزۇن مۇددەت ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا لىشجېننىڭ
بىلىمى بارغانسېرى بېيىغان. ئۇ بۇ كىتاپنى تېخىمۇ ياخشى
يېزىپ چىقىش ئۈچۈن 3 قېتىم ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن ھەم

ھەر قىبتىملىق ئۆزگەرتىشتە ھەممىنى دىگۈدەك قايت
يىزىپ چىققان... ئۇ قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلىش ھەم
چىكىلىك بىلەن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق. توپ ـ توغرا 27
ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاخىرى «دورا ئۆسۈملۈكلىرى»
يىزىپ چىققان.

74 ـ كۆنۈكمە: كۆپ چىكىتلەرنىڭ ئورنىغا
پىق ياردەمچى سۆزلەرنى قويۇپ. تۆۋەندىكى جۈملى
كۆچۈرۈپ يىزىڭلار.

1. مەن ئىتىزدىن ياسىن... كەلدىم. 2. بىز ب
ئورما ئوردۇق... بۇغدايلارنى خامانغا توشۇدۇق. 3
كىلىدۇ... بىز بىلەن بىللە ئۇ يەرگە بارالمايدۇ. 4.
مۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىغى... ئىشلەپچىقىر
ئۈنۈمى تىزلا يۇقۇرى كۆتىرىلدى. 5. زۇلپىيە، قەلب
زىۋىدە... ئايمىنسالار «8 ـ مارت» قىزىل بايىراق
بولۇپ سايلاندى. 6. ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى... يۈگۈرگ
كىتىپ قالدى.

## 35. ئىملىق سۆزلەر

تىلىمىزدا تۈرلۈك ھىس ـ تۇيغۇلارنى ۋە نەرسىلە
تاۋۇشلىرىنى بىلدۈرىدىغان، شۇنداقلا ھايۋانلارنى چاقى
توختىتىش، ھەيدەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆزلەر بار.
مەسىلەن: بارىكاللا، سىلەرنىڭ غەيرىتىڭلارغ
جۈملىدىكى «بارىكاللا» دىگەن سۆز خوشاللىق تۇيغ
بىلدۈرىدۇ.

ئىبخ، باھار، نېمە دېگەن يېقىملىق سەن! بۇ جۈملىدىكى «ئىبخ» دېگەن سۆز زوقلىنىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇھ، ئەجەپ ھېرىپ كەتتىغۇ كىشى. بۇ جۈملىدىكى «ئۇھ» دېگەن سۆز ھارغانلىق تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ.

ۋاي - ۋۇي، ئەجەپمۇ ئەزمىلىك قىلدىڭا! بۇ جۈملىدىكى «ۋاي - ۋۇي» دېگەن سۆز زېرىكىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ.

سىرتتىن مۈشۈكنىڭ «مىياۋ - مىياۋ» قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «مىياۋ - مىياۋ» ھايۋاننىڭ تاۋۇشىنى ئاڭلىتىدۇ.

يىراقتىن زىننەتنىڭ «تۇ - تۇ - تۇ» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ جۈملىدىكى «تۇ - تۇ - تۇ» دېگەن ئىملىق سۆز ھايۋاننى چاقىرغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**تۈرلۈك ئىچكى ھېس - تۇيغۇلارنى ۋە جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنىڭ تاۋۇشلىرىنى، شۇنىڭدەك ھايۋانلارنى چاقىرىش، ھەيدەش، قورقىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنى ئىملىق سۆزلەر دەيمىز.**

ئىملىق سۆزلەر جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ.

1. **ئىچكى ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى:** ئۇھ، ئاھ، ئىبخ، ھوي، ۋاي - ۋۇي، ۋاي، ھوي - ھوي، پاھ - پاھ، ۋايەي ۋە باشقىلار.

2. **ھايۋانلارنى چاقىرىش، ھەيدەش، قورقىتىش ئىملىقلىرى:** تاخ، پۇش، كۇش، مەھ - مەھ، تۇ - تۇ - تۇ، ھوش، ھايت - ھۇيت، كەھ - كەھ ۋە باشقىلار.

3. جانلىق ھەم جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئاۋۇشلىرىنى ئاڭلىتىدىغان ئىملىقلار: شىلدىر - شىلدىر، جاراڭ - جۇرۇڭ، تاراق - تۇرۇق، مىياۋ - مىياۋ، ھاۋ - ھاۋ، قاراس - قۇرۇس، تاقۇر - تۇقۇر، چىرىق - چىرىق، دۈك - دۈك، گۈر - گۈر ۋە باشقىلار.

بەزى ئىملىق سۆزلەر بىرلا سۆزدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ خىل ئىملىق سۆزلەر باشقا سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پەش (، ) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئىخ، بۇ بۇغدايلارنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىنى قارا! ھوي. سىزگە نىمە بولدى؟ ۋاھ، مونۇنىڭ دىگەنلىرىنى قارا!

بەزى ئىملىق سۆزلەر بىردىن ئارتۇق بولۇپ، قوش ئىملىق ھالىتىدە كېلىدۇ. مۇنداق ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: يىراقتىن ماشىنىلارنىڭ گۈر - گۈر قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مىنالار گۈم - گۈم قىلىپ پارتلاش بىلەن تەڭ ئالۋاستىلار يەر چىشلىدى. ئوقلار باش ئۈستىدىن ۋىژ - ۋىژ قىلىپ ئۇچۇپ تۇراتتى.

ئەگەر ئىملىق سۆزلەر ھىس - تۇيغۇنى بىلدۈرۈپ، كۈچلۈك ئېيتىلسا، ئىملىق سۆزدىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئىخ! ئانا ۋەتەن، سەن ئۇچۇن ھەرقاچان

جىنىم پىدا. بارىكاللا! سىلەرنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن بۇ ئانا تۇپراققا.

75 – كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئىملىق سۆزلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرگە قانداق مەنە بەرگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## تادان تۈلكە

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىرنەچچە كۈن ئاچ قالغان تۈلكە ئاغزىنى «چاك – چاك» چاكىلداتقىنىچە ئوزۇق ئىزلەپ مېڭىپتۇ. مېڭىپتۇ – مېڭىپتۇ، خېلى يىراق بىر چۆلگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردە توك قاغىلارنىڭ يىراقتىن «قىرراق – قىرراق» قىلغان ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىغىدەك. تۈلكە ئۇيانغا قاراپ، بۇ يانغا قاراپ كېلىۋاتسا بىر تاشنىڭ يېنىدا قازاندەك بىر قويرۇق ماي تۇرغىدەك. ۋاھ، ماۋۇ ئولجىنى قارا! تۈلكىنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ. ئۇ ماينى يىمەكچى بولۇپ، ماينىڭ يېنىغا كەپتۇ – يۇ، لېكىن تادانلىق قىلىپ بىردىنلا توختاپتۇ – دە: «بۇ ماينى بىرەر يولۇچى چۈشۈرۈپ قويغانمىدۇ؟ ئەگەر چۈشۈرۈپ قويغان بولسا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بولاتتى. ئەجەپ بۇ تاشنىڭ يېنىدا — بىر ئەپلىك جايدا تۇرۇپتىغۇ؟ بۇ يەردە چوقۇم بىر گەپ بار، بىر دەم ئەپسىمنى يىغىپ يىمەي تۇراي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە يېقىنلا يەردىكى بىر دەرەخلىقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، مايدىن كۆزىنى ئۈزمەي ماراپ يېتىپتۇ.

شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر بىر ئاچكۆز بۆرە يېتىپ كېلىپ:

— ئوھوي، دوستۇم تۈلكىجان، بۇ يەردە نېمە قىلىپ ياتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۆرىنىڭ تۇرقىدىن ئۇنىڭ تازىمۇ ئاچ قالغانلىقىنى پەملىگەن تادان تۈلكە چاندۇرماي:

— كېلىڭ بۆرىكا، ياتماي قانداق قىلاي، قوسىقىم بەكمۇ تويۇپ كېتىپتىكەن، زادىلا ماڭالماي قالدىم، — دەپ، تېز - دە، «پۇش - پۇش» قىلىپ پۇشۇلداشقا باشلاپتۇ.

— ھوي، نېمە يەپ شۇنچە تويۇپ كەتتىڭ؟ — ئالدىراپ سوراپتۇ بۆرە ھەيران بولۇپ.

تۈلكە تاشنىڭ يېنىدىكى قۇيرۇق مايىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— ئاۋۇ مايىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ قانداق ئەخمەق يولۇچى تاشلاپ كەتتىكىن، ئۈچ - تۆت قوينىڭ قۇيرۇغى ئىكەن، ئېچىقاپ كەتكەنلىكىمدىن يەۋېرىپتىمەن، ئەنە، يەنە بىرمۇنچىسى ئېشىپ قالدى.

— ۋاي - ۋۇي، ئەجەپ ياخشى قىلدىڭا، ئۇنداق بولسا قالغىنىنى مەن يەۋېتەي!

ياغنى كۆرۈپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتكەن بۆرە نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قۇيرۇق مايغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. لېكىن «تارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بۆرە بىردىنلا چىقىراپ يىقىلىپتۇ - دە، جان تالىشىشقا باشلاپتۇ.

تادان تۈلكە ئۆز ئەقلىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپ قويۇپتۇ ۋە جان تالىشىۋاتقان بۆرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

قارنىم ئاچ تۇرۇپ مەن يېمەسمىدىم باشتا،
بىر بالاسى بولمىسا قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا.

دەپتۇ - دە، قاپقاندىن قاڭقىپ چىقىپ «پوكىلدە» يەرگە چۈشكەن قۇيرۇقنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

## II ئومۇمى كۆنۈكمە

**75 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، پېئىللارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار. ئۇلارنىڭ ياسىلىشىنى ھەم قايسى ساندا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

### گۈللەر تېرىدۇق

كۆڭلىمىز بېغىغا سۆگەت تىكىپ،
باراڭلىق ياسىدۇق.
چۆنەك چېپىپ،
چۆرىسىگە تىكەن توساپ،
گۈللەر تېرىدۇق.
گۈللەرنى، سۆگىتىمىزنى،
باراڭلىق، چىرايلىق قىلىپ،
ئۆستۈرمەكچىمىز.
زاۋۇتتىن، خاڭدىن.
ھېرىپ يانغان ئىشچىلارنى،
ئېتىزدىن، خاماندىن.
پىشىپ يانغان دىخانلارنى،
بېغىمىزغا ئەپكىرىپ،
مەيدىسىگە گۈللەر قىسىپ،

شەدە ئۈينىتىپ،
شۇ باراڭدا كۆلدۈرەكچىمىز.

76 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار. سۈپەت پېئىللارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ھال پېئىللارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

## ئالدامچى ئېشەك

قۇلاقلىرى سالپايغان كالا پۇشۇلدىغان ھالدا ئېغىلغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ھەلەپكىمۇ قارىماي ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ يېتىپتۇ.

— ئاداش. ھېرىپ كەتتىڭلىمۇ؟ — دەپتۇ ئېشەك كالىغا كۆيۈنگەن قىياپەتتە، — نىمىشقا ھەلەپ يىمەيسىلە؟

— بۈگۈن ئېتىزدا قوش سۆرەپ بەكمۇ جاپا تارتتىم، زادىلا بولالماي قالدىم، — دەپتۇ كالا ھال ئېيتىپ.

— ئۇنداق بولسا ئاداش. — دەپ گەپ ئۇگىتىشكە باشلاپتۇ ئېشەك، — سىلە ھەلەپمۇ يىمەي، سۇمۇ ئىچمەي يېتىڭلا، ئىگىمىز ئەتىگەندە كىرىپ، «كالام ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ قوشقا قاتمايدۇ. ئوبدان ئارام ئېلىۋالسىلە!

كالا ئېشەكنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە ھېچنىمە يىمەي يېتىپتۇ. ئېشەك بولسا ئۆزىنىڭ ھەم كالىنىڭ ئوت - چۆپلىرىنى يەپ قوسىغىنى دومبايتىۋاپتۇ...

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىگىسى ئېغىلغا كىرىپ، كالىنىڭ ئاچ قوساق ياتقانلىغىنى كۆرۈپتۇ - دە: «بىچارە كالام ئاغرىپ قاپتۇ. بۈگۈن ماۋۇ ھارام يەيدىغان ئېشەكنى قوشقا

قاتاي» دەپ ئىشەكنى ھەيدەپ مېڭىپتۇ.

بۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغان ئىشەك ئىگىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ. كەچكىچە قوش سۆرەپ ۋايجىنى چىقىپ كېتىپتۇ. «بىر ئامال تېپىپ ئەتە كالىنى ئىشقا ھەيدىمىسەم ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ كەچ بولغىچە كالىنى قانداق ئالداش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپتۇ. كەچقۇرۇن ئۇ ئېغىلغا ئارانلا مېڭىپ كىرىپتۇ.

— ئاداش، مېنى دەپ تازا جاپا تارتتىڭلا، سىلىگە رەھمەت! — دەپتۇ ياتقان كالا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مېنىڭغۇ كارىم چاغلىق، — دەپتۇ ئىشەك، — سىلىگە چاتاق بولىدىغان بولدى!

— نېمە بولدى؟ — دەپ چۆچۈپ سوراپتۇ كالا.

ئىشەك قۇۋلۇق بىلەن ئۇھ تارتىپ قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئىگىمىز بايا ئېتىزدا باللىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى: كالىمىز ئاغرىپ قالدى، ھارام بولۇپ قالمىسۇن، ئەتىگىچە ساقايمىسا سويۇپ گۆشىنى ساتايلى، — دېدى. سىلىگە بەك ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئاداش!...— كالا ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ ھەلەپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئەتىسى ئىگىسى كالا ياتقان ئېغىلغا كىرىپ قارىسا، كالىنىڭ قوساقلىرى تويۇپ، كېرىلىپ كەتكەن. شۇندىن كېيىن ئۇ «كالام ساقىيىپتۇ» دەپ كالىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئالدامچى ئىشەك كالىنى يەنە ئالدىغانلىقىنى ئويلاپ خوشال ھاڭراپ قويۇپتۇ.

77 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، پېئىللار-

نى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

...سپارتاك: «قېرىنداشلار! تېز ھەركەتلىنەيلى!» دەپ ۋاقىرىدى. (بىر قول قولۇپلاقلىق تۆمۈر ئىشىكنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ پاچاقلاپ ئېچىۋېتىدۇ. ئۇن بىر كىشى تەڭلا ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇلارغا قارشى ئۇدۇل كېلىۋاتقان ھەربى ئەمەلدارنى سپارتاك نەيزە سانچىپ ئۆلتۈرىدۇ. پۈتۈن مەيدان شۇ ھامان قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. ئەر ۋە ئاياللار يىقىلىپ ـ سۈرۈلۈپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشىدۇ.)

سپارتاك: (قىرىپ ـ چېپىپ بىر قانلىق يول ئاچىدۇ ـ دە، قاتتىق ۋاقىرايدۇ) قۇل بولۇشنى خالىمايدىغانلار قوزغىلىڭلار! (سان ـ ساناقسىز قۇللار تەرەپ ـ تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ. ئۇلار رىملىقلارنىڭ قوللىرىدىكى قوراللارنى تارتىپ ئالىدۇ. ئۇن بىر كىشى بىلەن قوشۇلۇپ، بىر قۇدرەتلىك قوشۇننى تەشكىل قىلىدۇ ـ دە، قىرىپ ـ چېپىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

**78 ـ كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، رەۋىشلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق رەۋىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

...ئىسلاجان خوشنىسىدىن ئايالىنىڭ يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ قالغانلىقىنى، ئوغلى مىرزاتنىڭ ئالدىراپ نەگىدۇ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، كېيىن بىر ماشىنىنى باشلاپ كېلىپ، ئاپىسىنى ھازىرلا ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى ـ دە، يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ كەيپى شۇ ھامان يېشىلدى. ئۇ ھېچنىمىنى

ئويلمايلا، يۈگۈرۈپ چوڭ يولغا چىقتى. بىر دەم ئاستا، بىر دەم يۈگۈرۈپ ماڭدى. يۇقۇرى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ھەممىسىگىلا قولىنى كۆتىرىۋەردى، تەلىيىگە ئىنساپلىق بىر شوپۇر ئۇنى ماشىنىغا سېلىۋالدى.

ئىسلامجان بالنىتسىنىڭ ئايالى ياتقان بۆلۈمىدىن يېنىك تىن ئېلىپ زالغا چىققىنىدا، كېچە سائەت ئىككى بولغان ئىدى. يوپ - يورۇق زالدا بايا ئايالىنىڭ قولتۇغىغا گىرادۇس قويۇپ چىقىپ كەتكەن سېستىرا قىز ئۈستەلدە خەت يېزىپ ئولتۇراتتى. سەل نېرىدا، تام تۈۋىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا كىمدۇ بىرسى ئۇخلاپ ياتاتتى، كېسەل بېقىۋاتقانلاردىن بىرەرسى بولسا كېرەك. ئەتىمالىم! ئىسلامجان ئۆزىنىڭ قاتتىق ھارغانلىقىنى شۇ ئورۇندۇقنى كۆرگەندىلا ھېس قىلدى. ئىتتىك بېرىپ، ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ بوش يېرىگە ئولتۇردى. ئورۇندۇق ئۇنىڭ يوغان بەستىنى كۆتىرەلمەي، غىچىرلاپ كەتتى. سېستىرا قىز خەتتىن بېشىنى ئىتتىك كۆتەردى - دە:

— تىنچ... ئاكا، ئۇياق بىر دەم ئارام ئېلىۋالسۇن، سىزنىڭ ئايالىڭىزنى ئېلىپ كەلگەن شوپۇر شۇ.... — دېدى.

ھە، بۇ بىزنىڭ سەيدىراخانىكەندە! ئىسلامجاننىڭ كۆڭلى سۆيۈندى، ئۇ تام تەرەپكە قاراپ ئۇخلاۋاتقان كىشىگە بىر پەس قاراپ تۇرغىنىچە: شۇ... بايا دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ، بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ ماشىنىسىنى كۆرگەندەك قىلىۋىدىم. دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. كېيىن شوپۇرنىڭ تۈگۈلۈپ ياتقانلىغىنى كۆرۈپ مۇزلاپتۇ - دە! دەپ ئۇز - ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى

ۋە ئۇستىدىكى چىمبەرقۇت پالشوپكىسىنى يېشىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا دەسسەپ سەيدىراخمانىنىڭ يېنىغا باردى. چاپاننى ئاۋايلاپ يېپىپ قويماقچى بولۇپ ئېگىشتى... ئېگىشتى ـ يۇ، يۈرىگى بىردىنلا جىغ قىلىپ قالدى. ئۇخلاۋاتقان شوپۇر باشقا كىشى ئەمەس، دەل تۈنۈگۈن 2 ـ سېخنىڭ پىلانىنى، ئورۇنلىشى ئاستا بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تەنقىت قىلغان زاۋۇت پارتكوم شۇجىسى ساتتار ئىدى.

## 36. ئاددىي جۈملە

1. مەن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى سان ھەم سۈپەت جەھەتتىن تەلەپكە لايىق ئورۇنلاشقا تىرىشىمەن.

2. بىز مەملىكىتىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز.

3. سادىر بۈگۈن بىزگە ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بەردى.

يۇقىرىدىكى جۈملىلەر نېمە توغرىلىق ئېيتىلغان؟ ھەر بىر جۈملىدە قانچە ئوي ـ پىكىر بار؟

**مەزمۇن جەھەتتىن پەقەت بىرلا ئاياقلاشقان ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرگەن جۈملىلەرنى ئاددىي جۈملە دەيمىز.**

مەسىلەن: تاڭ ئاتتى. بارچە كائىنات تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغاندى. ئىشچىلار زاۋۇتقا قاراپ يول ئالدى. قىزىل گۈللەر ئەتراپقا خۇش پۇراق چاچتى.

يۇقۇرقى جۈملىلەردە ئايرىم - ئايرىم ئاياقلاشقان تۈت ئوي - پىكىر ئىپادىلەنگەن: بىرىنچى جۈملە، تاڭنىڭ ئاتقانلىقى توغرىلىق؛ ئىككىنچى جۈملە، كائىناتنىڭ ئويغانغانلىقى توغرىلىق؛ ئۈچىنچى جۈملە، ئىشچىلارنىڭ ئىشقا (زاۋۇتقا) ماڭغانلىقى توغرىلىق؛ تۆتىنچى جۈملە قىزىل گۈللەرنىڭ ئەتراپقا پۇراق چاچقانلىقى توغرىلىق ئىپادىلەنگەن. دېمەك، يۇقۇرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن تۆت جۈملىنىڭ ھەر بىرى، بىردىن ئاياقلاشقان ئوي - پىكىرنى بىلدۈرگەن ئاددى جۈملىلەردۇر.

79 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا قانچە جۈملە بار ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇ جۈملىلەرنىڭ قانداق جۈملە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## ياز خاتىرىلىرى

ھەممە پەسىللەرگە ئوخشاش ياز پەسلىمۇ ناھايىتى يېقىملىق پەسىلدۇر. ياز ۋاقىتلىرىدا ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولىدۇ. قۇياش ھەممە ياققا ئۆتكۈر نۇرىنى چېچىپ تۇرىدۇ.

ياز ئايلىرىدا ئېتىز ۋە باغلارنىڭ مەنزىرىسى ئاجايىپ چىرايلىق بولىدۇ. تۈرلۈك قۇشلار يېقىملىق سايراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى كىشىنى ئىنتايىن مەپتۇن قىلىدۇ.

باغلاردا ئالما، ئۈرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل، نەشپۈت ۋە باشقا مېۋىلەر پىشىدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭلەردە كۈمۈشتەك سۇلار شوخلىنىپ ئاقىدۇ.

ئېتىزلارنىڭ يازدىكى كۆرۈنۈشىنى ئېيتىماسىز تېخى؟

پايانسىز يېزىلار ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىپ كېتىدۇ. بولۇق ئۈسكەن بۇغدايلار باشلىرىنى كۆتىرەلمەي قالىدۇ. ئۇلار يېنىك شامالدا دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. ئاپپاق گۈللىگەن كېۋەزلىكتە كۆپ - كۆك غوزىلار ياشىرىپ تۇرىدۇ. كېۋەز چېچىكى قىزغىن بولىدۇ. چەكسىز كەتكەن كۆكتات ئېتىزلىرىدا قىزغىن ئەمگەك قاينايدۇ. ئەمگەكنىڭ خوشال ۋاڭ - چۇڭى ئېتىز بويلاپ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ... مەن بۇ يىل يازدا يېزىدا بولدۇم. ئۇ يەردىكى جانلىق مەنزىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. يېزا ھاياتى مېنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

80 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا قانچە ئاددى جۈملە بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

### يەنگە يۈرۈش قىلىش مارشى

بىر - ئىككى - ئۈچ،
ۋەتەن بەردى كۈچ.
يەن - تېخنىكىغا،
باشلاندى يۈرۈش.

بىر - ئىككى - ئۈچ،
قايناق جەڭگە چۈش.
بولسۇن ئادىتىڭ،
ياخشى ئۆگىنىش.

بىر - ئىككى - ئۈچ،
تاپقىن يۈكسىلىش.

ئۆتكىن سەن يېڭىپ.
جاپا كەلسە دۈچ.
بىر - ئىككى - ئۈچ،
پەنگە قىل يۈرۈش.
بولسۇن ئادىتىڭ،
ئەلنى گۈللىتىش.

## 37. قوشما جۈملە

1. كىچە يامغۇر ياغدى. لېكىن ھاۋا يەنىلا تىنجىق بولدى.
2. يامغۇر توختىدى. بىراق كۈن چىقمىدى.
3. بىز تۈنۈگۈن بۇ يەرگە كېلەلمىدۇق، چۈنكى ئىشلار ئالدىراش بولۇپ قالدى.
4. مەن بۇ كىتاپنى ئوقۇدۇم ھەم ئۇنىڭدىن قىسقىچە خاتىرە قالدۇردۇم.

يۇقۇرقى جۈملىلەرنىڭ ھەر بىرىدە قانچە ئوي - پىكىر بار؟ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بۆلۈپ ئايرىم - ئايرىم جۈملە قىلىشقا بولامدۇ؟

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددى جۈملىلەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەرنى قوشما جۈملە دەيمىز.**

مەسلەن: كەچ كىرىپ كەتتى، ئەمما بىز ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىۋەردۇق. دۆڭ سۈرىۋي ئۇرنىدىن دەس

تۇردى -دە، دۈشمەن پوتىيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئېنگېلس قەتئىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ نەتقىقات خىزمىتىنى توختىتىپ قويۇپ، ماركسنىڭ تېخى يېزىپ بولالمىغان قول يازمىلىرىنى رەتلەپ ۋە ئاخىرىنى ئۇلاپ يېزىپ، پۈتۈن كۈچىنى «كاپىتال»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تومىنى نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاراتتى.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى جۈملىلەرنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن ئارتۇق ئاياقلاشقان ئوي - پىكىر ئىپادىلەنگەن: بىرىنچى جۈملىدە ئايرىم - ئاياقلاشقان ئىككى ئوي - پىكىر ئىپادىلەنگەن، يەنى بۇ قوشما جۈملە ئىككى ئاددى جۈملىدىن تۈزۈلگەن. بۇ قوشما جۈملىنى «كەچ كىرىپ كەتتى. بىز ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىۋەردۇق» دەپ ئىككى ئاددى جۈملە قىلىپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. ئىككىنچى جۈملىمۇ ئىككى ئاددى جۈملىدىن تۈزۈلگەن. بۇ قوشما جۈملىنىمۇ «دۈڭ سۇنرۇي ئورنىدىن دەس تۇردى. دۈشمەن پوتىيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى» دەپ ئىككى ئاددى جۈملە قىلىشقا بولىدۇ. ئۈچىنچى جۈملىدە، ئايرىم - ئاياقلاشقان تۆت ئوي - پىكىر ئىپادىلەنگەن. بۇ قوشما جۈملىنى «ئېنگېلس قەتئىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ تەتقىقات خىزمىتىنى توختىتىپ قويدى. ماركسنىڭ تېخى يېزىپ بولالمىغان قولىيازمىلىرىنى رەتلىدى. ئاخىرىنى ئۇلاپ يازدى. پۈتۈن كۈچىنى ‹كاپىتال›نىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى تومىنى نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاراتتى» دەپ تۆت ئاددى جۈملە قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

**قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددى جۈملىلەر بىر - بىرىدىن پەش (،) ئارقىلىق ئايرىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئۇشقىتىپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار رىزۋانگۈل بىلەن ياردارنىڭ ئەتراپىدىكى قارلارنى ئۇچۇرتۇپ تۇراتتى، لېكىن مەرت رىزۋانگۈل ئوقلارنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرۈۋاتقان ئۆلۈم خەۋپى بىلەن ھېساپلاشمايتتى. ئۇ كۆزلىگەن چولاق تامغا ياردارنى يەتكۈزۈپ، بېشىنى تاڭدى ۋە ئاغزى-بۇرنىنى سۈرتۈپ ھوشىغا كەلتۈردى.

قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر تولاراق «ۋە، ھەم، بىلەن، لېكىن، بىراق، ئەمما، ئۈچۈن، بىلەنلا» دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار بىلەن، شۇنىڭدەك «دە، سە، سا، دەك، غىچە، گىچە، لىقتىن، لىكتىن، پ، ىپ، ۇپ، ۈپ» كە ئوخشاش قوشۇمچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىر-بىرىگە، باغلىنىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: بوغدايلار پىشىپ قالدى، لېكىن ئۇما باشلانمىدى. ئۇ ئىش ئورنىغا قايتىپ كېلىش بىلەنلا، ئىشلار باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى. سەن بۇ يەرگە ياخشى ئىشلىسەڭ چوقۇم ياخشى ھوسۇل ئالىسەن. ئۇلۇغ غايىگە ئىگە رىزۋانگۈل ئىنقىلاپنىڭ 6 - كۈنىلا بەرنەچچە دوستلىرى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى باش ئىشتاپقا كېلىپ، پىدائى بولۇپ ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پىدائىلار تۆمۈرچىلەرگە ياساتقان نەيزىلىرىنى كۈندە يالتىرىتىپ كوچىلاردىن ئۆتكەندە، ئۇلارنى ئەگەشكەن خەلق توپى دېڭىز دولقۇنىغا ئايلىناتتى. ئۇ يارىلانغان ئىككى جەڭچىنىڭ يېنىغا يېتىپ

باردى ۋە ئۇلارنىڭ جاراھىتىنى بەكمۇ چاققانلىق بىلەن
تاڭدى.

**قوشما جۈملەرنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملەر «ۋە، ھەم» باغلىغۇچىلىرى بىلەن باغلىنىپ كەلسە، ئاددى جۈملەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلمايدۇ.**

مەسىلەن: ئۇ، بارلىق كۈچ - قۇدرىتىنى يىغىپ ئور-
نىدىن تۇردى ۋە ئۆزىنى قىرغاققا تاشلىدى. رەجەپ ساق -
سالامەت دەريا بويىغا چۈشتى ھەم ئارقىچىلاپ مىڭىپ قوغلاپ
كېلىۋاتقانلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى.

**ئەگەر قوشما جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملەر «ئۈچۈن، بىلەن، بىلەنلا» دىگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار ياكى قوشۇمچىلەر ئارقىلىق باغلىنىپ كەلسە، شۇ باغلىغۇچىلار ياكى قوشۇمچىلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ.**

مەسىلەن: ئۇ ھورۇنلۇقنى تاشلاپ، تەر تۆكۈپ ئىشلى-
گەنلىكى ئۈچۈن، كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلدى. سۇ كېلىش بى-
لەنلا، مايسىلار ياشىرىپ كەتتى. ھاۋا شۇنداق قاتتىق گۈلدۈر-
لىدىكى، گويا يەر سىلكىنىپ كەتكەندەك بولدى. بىز قايتىپ
كېلىشىمىز بىلەن، ئۇ كېتىپ قالدى.

**81** - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، قوشما
جۈملىلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانچە ئاددى جۈملى-
دىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

...بۇ چاغدا بوۋاي تەنھا جايىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز-

لىرى ياشاڭغىرىدى. كۆمۈشتەك كۆز يېشى مەڭزىدىن لېۋىگە چۈشۈپ، قويۇق بۇرۇتلىرى ئارىسىدا غايىپ بولدى.

— توقماقنى ئۇنىڭغا بەر! — دېدى ئۇفىتسېر كۈلۈمسىرەپ.

ساراسىمىگە چۈشكەن، ھاقارەت قىلىنىپ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا قۇربى يەتمەي قالغان مەھبۇسلار ئۆزىنىڭ ئالدىدا قەلبىدىكى قورالدىن مەھرۇم قىلىندى. بۇ، ئۇفىتسېر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك پۇرسەت ئىدى.

ئوغۇل توقماقنى ئالدى.

— ئىككى قوللاپ! — دېدى ئۇفىتسېر يەنە بىر قېتىم.

— خوپ! — دەپ جاۋاپ بەردى ياش بالا.

ئۇ دەرمانسىزلانغان بولۇپ، قوللىرى تىترەيتتى، پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەكتىن توختىمايتتى.

ئۇفىتسېرنىڭ كۆزى كۆتىرىلگەن توقماققا ئەگىشىپ، ئاندىن بوۋاينىڭ ئۈستىگە چۈشتى. لېكىن بوۋايدا قىلچە قورقۇنچ ئالامىتى يوق ئىدى. ئۇ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، مىدىر-سىدىر قىلىپمۇ قويماي، ئۆز جايىدا تىك تۇراتتى.

توقماق خېلى ئېگىزلىككە كۆتىرىلگەندە ئۇفىتسېر بىلەن بوۋاينىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە ئۇچراشتى. بوۋاي تەقدىرگە تەن بەرگەن بولسا، ئۇفىتسېرنىڭ كۆزلىرىدە شاتلىق نۇرى ئوينىغان ئىدى.

توقماق بىرىنچى بولۇپ ئۇفىتسېرغا تەككەندە، ئۇ، دەلدەڭشىپ كەتتى. لېكىن دەرھال يىقىلمىدى. ئۇ ھولۇقۇپ نىمە قىلىشنى بىلمەي ياش بالىغا قارىدى - دە، ئاندىن پاتقاق يولغا يىقىلىپ، جان تالىشىپ پۇتلىرى تىپچەكلەشكە باشلىدى. ياش بالا ئۇنىڭغا يەنە ئىككى توقماق سېلىپ،

ئۇنى جەھەننەمگە يولغا سالدى ــ دە، توقماقنى ئەسكەرلەرگە چۆرۈپ بېرىۋېتىپ سوغاققىنا:

— ئېتىڭلار! — دېدى.

دادىسى ئوغلىغا ھەيران بولۇپ قارىدى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدە قايغۇ ئىچىدىكى كۈلۈمسىرەش ئالامىتى جىلۋىلىنىشكە باشلىدى.

82 ــ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قوشما جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار ھەمدە مۇۋاپىق جايلارغا پەش قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار.

1. كۈن ئولتۇردى. بىز ئىشتىن قايتتۇق. 2. بىز تۈنۈگۈن كەچتە ئۆيۈڭغا باردۇق. ئەخمەت بارالمىدى. 3. مەن ھەبىبۇللاغا خەت يازدىم. ئۇنىڭدىن جاۋاپ كەلمىدى. 4. كۈز ئايلىرى كەلدى. كۈن قىسقىرىشقا باشلىدى. 5. مەن ئۆيگە كىردىم. ئۇ ئۆيدە يوق ئىكەن. 6. تۇرسۇن بۇ ئىشنى جاپاغا چىداپ ئىشلىدى. ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 7. كۈن چىقتى. ئەتراپ نۇرغا چۆمۈلدى. 8. ئەكرەم تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۇ، بىلىمنى ئاشۇردى.

ئۈلگە: ئەكرەم تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىلىمنى ئاشۇردى.

## 38. كۆچۈرمە جۈملە

سۆزلىگۈچى ياكى يازغۇچى تەرىپىدىن باشقا بىر كىشىنىڭ ھېچبىر ئۆزگەرتىلمەي ئېيتىلغان ياكى يېزىلغان گېپىنى كۆچۈرمە جۈملە دەيمىز.

كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق («...») ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئۇلۇغ داھىسى ماركس بىزگە: «ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمگەك قىلىدىغان ئادەم ئاتاقلىق ئالىم، كامالەتكە يەتكەن ئەقىل ئىگىسى، داڭدار شائىر بولالىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي يېتىشكەن ئادەم ۋە ئۇلۇغ ئادەم بولالمايدۇ.» دېگەن ئىدى.

«بىلىم مەسىلىسى — پەن مەسىلىسى، ئۇ قىلچىلىكمۇ ساختىپەزلىكنى ۋە مەغرۇرلۇقنى كۆتەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسى — سەمىمىيلىك ۋە كەمتەرلىكنى قەتئىي تەلەپ قىلىدۇ.» دېگەن ئىدى يولداش ماۋزېدۇڭ.

> كۆچۈرمە جۈملە يازغۇچىنىڭ سۆزىدىن كېيىن كەلسە، كۆچۈرمە جۈملىدىن ئاۋال قوش چېكىت (:) قويۇلۇپ، كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

مەسىلەن: نىكولاي ئوستروۋسكىي مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ھايات. ئۇ ھەر بىر ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ھاياتنى شۇنداق ئۆتكۈزۈش كېرەككى، ئۇ ئۆتمۈشنى ئەسلىگەندە ئۆمرىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن پۇشايمان يەپ ئولتۇرمىسۇن، تۇرمۇشنى مەنىسىز ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن نومۇس قىلىپ ئولتۇرمىسۇن. جان ئۈزۈش ئالدىدا «پۈتۈن ھاياتىم ۋە زېھنىمنى دۇنيا بويىچە ئەڭ سەلتەنەتلىك ئىشقا — پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئازاتلىقى يولىدىكى كۆرەشكە بېغىشلىدىم» دېگەن سۆزنى قىلالىسۇن.»

> كۆچۈرمە جۈملە يازغۇچىنىڭ سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسىمۇ كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئالدىغا قوش چېكىت قويۇلىدۇ. كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

مەسىلەن: پىرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي: «پەننى سۆيۈشىمىز لازىم، ئىنسانلاردا پەندىنمۇ كۈچلۈك ۋە تەڭداشسىز كۈچ بولمايدۇ» دىگەن ئىدى.

> يازغۇچىنىڭ سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، يازغۇچى سۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن پەش (،) ھەم سىزىق (—) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: «نەدىمۇ تۇغما تالانتىم بولسۇن، — دىگەن ئىدى ئۇلۇغ ئەدىپ لۇشۈن، — كىشىلەر كافى ئىچىشكە سەرپ قىلىدىغان ۋاقىتلاردىمۇ ئىشلىدىم»

كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ، يازغۇچىنىڭ سۆزى بىلەن كۆچۈرمە جۈملىلەرنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىپ ئېيتىپ بېرىڭلار. كۆچۈرمە جۈملىلەردىكى تىنىش بەلگىلەرنىڭ قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

## «مەن يەر شارىنى كۆتىرەلەيمەن»

ئارخىمېد يۇمۇرلۇق مۇبالىغىلەرگە ماھىر ئىدى. بىر قېتىم ئۇ سىراگۇزى پادىشاسى گى ئېيروغا خەت يېزىپ مۇنداق دىگەن ئىدى: «بەلگىلىك چوڭ - كىچىكلىكتىكى كۈچ ھەر-

قانداق ئىغىرلىق مىقدارىنى يۆتكىيەلەيدۇ.» ئۇ يەنە: «ئەگەر يەنە باشقا بىر يەر شارى بولسا ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بىزنىڭ يەر شارىمىزنى يۆتكىگەن بولار ئىدىم» دەيدۇ. پادىشا خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنى دەرھال چاقىرتىپ كېلىپ: «سەن بەك پو ئاتىدىكەنسەن! يەر شارى شۇنداق چوڭ تۇرسا، سەن ئۇنى قانداق كۆتىرەلەيسەن؟» دەيدۇ. ئارخىمېد: «راست، سىز ماڭا بىر تايانچ نۇقتا بەرسىڭىزلا، مەن يەر شارىنى كۆتىرەلەيمەن» دەيدۇ ـ دە، پادىشاغا پىشاڭ قائىدىسىنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىدۇ. پادىشا بۇنى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلايدۇ. ماڭىدىغان چاغدا، پادىشا ئۇنىڭغا: «سەن ماڭا بىر ئېغىر نەرسىنى ئىتتىرىپ بەر، سۆزۈڭنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقاي» دەيدۇ.

ئەسلىدە، پادىشا گى ئېرو مىسىر پادىشاسىغا ئاتاپ بىر چوڭ پاراخوت ياساتقان ئىدى، شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇنى ئىتتىرىشكە سالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنى سۇغا چۈشۈرەلمىگەن. ئارخىمېد بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ھەمدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ، بىر مۇرەككەپ بولغان پىشاڭ بىلەن تېيىلدۇرۇش جاھازىسىنى لايىھىلەپ چىقىدۇ.

ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، داغدۇغىلىق ھالدا پاراخوت ئىتتىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. كىشىلەر تاماشا قىلىش ئۈچۈن كەينى ـ كەينىدىن كېلىشىدۇ. ئارخىمېد ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى پادىشاغا بېرىدۇ، پادىشا ئاغامچىنى ئاستا تارتقاندا، خۇددى سېھرىگەرلىكتەك ئاجايىپ مۆجىزە

يۈز بېرىدۇ: پاراخوت ئاستا - ئاستا يۆتكىلىپ سۇغا چۆشىدۇ.

84 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، كۆچۈرمە جۈملىلەرنى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىڭلار ھەمدە مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار.

... كۆزنىڭ يېغىنگەرچىلىك كۈنلىرىدە، ئانتونى يامغۇر تامچىسىنى كۆزىتىپ باقماقچى بولۇپ، ھويلىدىن ئازراق يامغۇر سۈيى ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىر تامچىسىنى مىكروسكوپ ئاستىغا قويىدى. ئۇ كۆزىنىڭ قىرىدا تۆۋەنگە قاراپ، ئىختىيارسىز ئۇششاق قۇرۇتلار! ئىنتايىن ئۇششاق قۇرۇتلار، ئۇلار تېخى ھەركەت قىلىۋاتىدۇ! نىمىدىگەن كىچىك، ئەگەر بۇرگە ئۇلارنىڭ يېنىدا بولسا چوقۇم چوڭ پىلدەك كۆرۈنىدۇ! دەپ ۋاقىرىۋەتتى - دە، يامغۇر سۈيىدىكى بۇ ئۇششاق جانلارغا بىرسائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت سەپسېلىپ قارىدى.

ئانتونى دەرھال ئالىملارغا خەت يازدى. ئۇ خېتىدە بۇ ئۇششاق قۇرۇتلارنى تەپسىلى تەسۋىرلىدى ۋە ئۇلارغا بىچارە مىكرو ئورگانىزىملار دەپ ئىسىم قويىدى. بەزى ئالىملار خەتنى ئوقۇپ، تازا ئىشەنچ قىلالماي بىر تامچە سۇدا بىر نەچچە مىڭى بولىدىغان نەدە ئۇنداق مىكرو ئورگانىزىملار بولسۇن، ئۇ دەرۋازىۋەننىڭ يەنە ساراڭلىغى تۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ! دېيىشتى ۋە كېلىپ ئانتونىنىڭ مىكروسكوپىنى تەكشۈردى. ئۇلار مىكروسكوپ ئاستىدا ھىلىقى ئۇششاق جانلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇلار ھەيران قالغان ھالدا بۇ دەرۋازىۋەن بىر تامچە سۇدا يېڭى بىر دۇنيانى تېپىپتۇ، بۇ دۇنيادا ئاددى كۆز بىلەن كۆرگىلى

بولمايدىغان سان ـ ساناقسىز مىكرو ئورگانىزىملار بار ئىكەن دىيىشتى.

## 39. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى

قىش كەلدى. دەرەخلەر يالىڭاچلاندى. قار ياغدى. ئىشچىلار ئىشلىدى. مەن ئوقۇدۇم.

يۇقۇرقى جۈملىلەرنىڭ ھەر بىرى قانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن؟ ئۇلارغا قانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولىدۇ؟ ئۇ جۈملىلەرنىڭ ئىگىلىرى بىلەن خەۋەرلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

> ئىگە بىلەن خەۋەرنى جۈملىنىڭ باش بۆلىگى دەيمىز. ئۇلار جۈملە تۈزۈشتە جۈملىنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

**مەسىلەن:** كۈن چىقتى. ئىشلار قىزىدى. ۋاقىت توشتى. ئۇلار كەلدى.

**85 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

... تۇرپان ناھىيىسىدە بۇيلۇق دىگەن بىر جاي بار. ئۇ يەردىن مىۋە كۆپ چىقىدۇ. 5 ـ ئايدا ئۈرۈك پىشىدۇ. 7 ـ 8 ـ ئايلاردا نەشپۈت، شاپتۇل، ئالما پىشىدۇ. 8 ـ 9 ـ ئايلاردا، كىشىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۈزۈم پىشىدۇ.

ئۈزۈملەر تاغ قاپتىلىدىكى پەلەمپەي ئېتىزلاردا

ئۆسىدۇ. باراقسان ئۆسكەن تاللارنىڭ يوپۇرماقلىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان بولۇپ، خۇددى يېشىل ساتىملارغا ئوخشاي-دۇ. ئۈزۈم پىشقان مەزگىلدە ھەر خىل قىزىل، ئاق، سۆ-سۈن، يېشىل، قىزغۇچ ئۈزۈملەر يوپۇرماقلار ئارىسىدا غۇژمەك-غۇژمەك بولۇپ ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئەگەر بۇ چاغدا سىز بۇيىلۇققا بېرىپ قالسىڭىز، ئۇ يەردىكى مېھماندوست دېھقانلار ئەڭ تاتلىق ئۈزۈملەرنى ئۈزۈپ ئالدىڭىزغا قويۇپ ئوبدان مېھمان قىلىدۇ.

## 40. ئىگە

جۈملىلەر ئادەتتە ئادەم ياكى نەرسىلەر توغرىسىدا، شۇنداقلا بىرەر ۋەقە ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا ئېيتىلىدۇ.

بىز تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

كۈن شەرقتىن ئاستا كۆتىرىلدى. بۇ جۈملە كۈن توغرىلىق ئېيتىلغان. كاككۇك سايرىدى. بۇ جۈملە كاككۇك توغرىلىق ئېيتىلغان. دېھقانلار ئېتىزغا ماڭدى. بۇ جۈملە دې-ھقانلار توغرىلىق ئېيتىلغان. بۇ جۈملىلەردىكى «كۈن»، «كاك-كۇك» دىگەن سۆزلەرگە نېمە؟ «دېھقانلار» دىگەن سۆزگە كىملەر؟ دىگەن سوئال بېرىلىدۇ. دېمەك، ئۇلار شۇ جۈملىلەر-دىكى ئىگىلەردۇر.

جۈملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن بۆلىگىنى ئىگە دەيمىز.

ئىگىگە كىم؟ كىملەر؟ نېمە؟ نېمىلەر؟ كىمى؟ نېمىسى؟ نەچچىسى؟ قانچىسى؟ دىگەن سوئاللار بېرىلىدۇ.

جۈملىدە كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان سۆزلەر ئىگە بولالمايدۇ. لېكىن ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ھەم ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان سۆزلەر ئىگە بولالايدۇ.

مەسىلەن: ئەخمەت ئايلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. (كىم؟ — ئەخمەت)

تىراكتور گۈرۈلدىمەكتە. (نېمە؟ — تىراكتور)

ئىشچىلار ئىشقا دەرھال كىرىشتى. (كىملەر؟ — ئىشچىلار)

ئۇنىڭ ئىنىسى بېيجىڭدىن كەلدى. (كىمى؟ — ئىنىسى)

ماڭا ئۇنىڭدىن بەشى كېرەك. (قانچىسى؟ — بەشى)

كۆپ ھاللاردا ئىگە جۈملىنىڭ بېشىدا ھەم ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. شېئىرلاردا بولسا، جۈملىنىڭ ئاخىرىدىمۇ كېلىدۇ.

مەسىلەن: رىزۋان ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆگىنىشنى قولدىن بەرمەيدۇ. (بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى — رىزۋان، جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەن.)

سالقىن شامالنىڭ سىيپاپ ئۆتۈشى بىلەن يوپۇرماقلار شىلدىرلىغان ئاۋاز چىقاردى. (بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى — يوپۇرماقلار، جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن.)

قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن ئاسمان،
ئاستىدا يايلاقنىڭ يېشىل جۇلاسى.
چارۋىچى قازاقنىڭ دومبۇرىسىدا،
جاراڭلار ناراتنىڭ بەخت ناۋاسى.

سەن قالدىڭ كۆزۈمدە سۆرەتتەك نارات،
ۋە قازاق يۇرتىنىڭ كۆيچى بۇلبۇلى.
قايتساقمۇ خوشلىشىپ، قالدىڭ يايلاقتا،
دوستلۇقنىڭ خۇشپۇراق چىرايلىق گۈلى.

بۇ شېئىردىكى «جۇلاسى، ناۋاسى، بۇلبۇلى، گۈلى، دېگەن ئىگىلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن.

**جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدىغان ئاساسىي سۆز تۈركۈملىرى ئىسىم بىلەن ئالماشلاردۇر، بۇلاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى پەقەت ئىسىم ۋەزىپىسىدە كەلگەندىلا ئاندىن ئىگە بولۇپ كېلەلەيدۇ.**

مەسىلەن: پىشقەدەم دېخانلار بىپايان دالىنى قاپلاپ ياتقان قارغا قاراپ، چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتتى. بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى — دېخانلار (ئىسىم).

ئۇلار خوشاللىغىدىن توختىماي «ياخشى ياققان قار!

ياخشى ياققان قار!» دېيىشەتتى. جۈملىنىڭ ئىگىسى — ئۇلار (ئالماش).

ياش - قېرىلار يىغىلدى. بۇ جۈملىدە ئىگە — ياش-قېرىلار (سۈپەت). ئۇلاردىن ئىككىسى كەلدى. بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى — ئىككىسى (سان).

ئىشلىگەن چىشلەيدۇ. بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى — ئىشلىگەن (پېئىل).

**86 — كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئىگىلەرنى تېپىڭلار.

كۈز كىرىشى بىلەنلا ھاۋا سالقىنلىشىپ قالىدۇ. كۆكچى ئەزالىرى ئاشلىقلارنى ئورۇشقا، ئاپپاق ئېچىلغان پاختىلارنى تېرىشكە، شىرىن شېكەر مېۋىلەرنى يىغىۋېلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇلار ياڭيۇ، پىياز، سەۋزە، چامغۇر، بەسەيگە ئوخشاش كۆكتاتلارنىمۇ بىرىدىن كېيىن بىرىنى يىغىۋالىدۇ. ئېتىزلارغا كۈزلۈك بۇغدايلار تېرىلىدۇ.

كۈز ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا دەرەخ يوپۇرماقلىرى سارغىيىدۇ. كۈزنىڭ سالقىن شامىلى سارغايغان يوپۇرماقلارنى يەرگە تۆكىدۇ. يوللارنى ساپ - سېرىق غازاڭلار بىلەن قاپلايدۇ. كۈز بۇلۇتلىرى پات - پاتلا يامغۇر تۆكۈپ تۇرىدۇ. ھاۋا ئاستا - ئاستا سوۋۇيدۇ. كۈن بارغانسېرى قىسقىرايدۇ.

**87 — كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئىگىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. قۇربان ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولۇپ سايلاندى. 2. ئۇ ئىش ئورنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايدۇ. 3. بىزنىڭ

سىختا قۇربانىنىڭ ئىككى ئاغىينىسى بار. 4. ئۇلارلىك ئىككىلىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى. 5. بىز ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشىمىز لازىم. 6. ياشلار ھەرقاچان تىرىشىپ ئۆگىنىپ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى زۆرۈر. 7. بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر، بىلمىگەن بارمىغىنى چىشلەر (ماقال).

## 41. خەۋەر

ئوقۇغۇچىلار تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىدۇ. شامال چىقتى. ئايروپىلان ئۇچتى.

يۇقۇرىدا ئايرىم ئوي - پىكىرنى ئاڭلاتقان ئۈچ جۈملە بېرىلگەن. بىرىنچى جۈملىدىكى «ئىشلەۋاتىدۇ» دىگەن خەۋەر «ئوقۇغۇچىلار» دىگەن ئىگىنىڭ ئىش ھەركىتىنى؛ ئىككىنچى جۈملىدىكى «چىقتى» دىگەن خەۋەر شامالنىڭ ھەركىتىنى؛ ئۈچىنچى جۈملىدىكى «ئۇچتى» دىگەن خەۋەر ئايروپىلاننىڭ ھەركىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

**ئىگىنىڭ ئىش - ھەركىتىنى، ھالىتىنى، سۈپىتىنى، بەلگىسىنى كۆرسىتىپ كەلگەن جۈملە بۆلىكىنى خەۋەر دەيمىز.**

**خەۋەرگە نىمە قىلدى؟ نىمە بولدى؟ نىمە قىلىۋاتىدۇ؟ نىمە بوپتۇ؟ نىمە قىلىدۇ؟ نىمە قىلماقچى؟ قانداق بولدى؟ قانچە؟ قانداق؟ نىمىسى؟ دىگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.**

مەسلەن: ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلەۋاتىدۇ (نىمە قىلىۋاتىدۇ؟ — سۆزلەۋاتىدۇ). ئوقۇتقۇچى مەندىن سوئال سورىدى (نىمە قىلدى؟ — سورىدى). بۇ ئەركىنىنىڭ ئىنىسى (كىمى؟ — ئىنىسى). ئۇلار بىزگە ياردەملىشىدۇ (نىمە قىلىدۇ؟ — ياردەملىشىدۇ). بىزنىڭ باغچە ناھايىتى چىرايلىق (قانداق؟ — چىرايلىق). ئالمىلار پىشىپتۇ (نىمە بوپتۇ؟ — پىشىپتۇ). ئەنۋەر ئىگىزگە سەكرەشتە بىرىنچى بولدى (نىمە بولدى؟ — بىرىنچى بولدى).

> خەۋەر تولاراق جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ.
> شېئىرلاردا بولسا جۈملىنىڭ بېشىدا ھەم ئوتتۇرىسىدا
> كېلىشىمۇ دۇمكىن.

مەسلەن: بىزگە بۈگۈن ئۇيغۇر تىلىدىن «خەۋەر» دىگەن دەرس ئۆتۈلدى. دەرس ناھايىتى چۈشىنىشلىك بولدى. سائەت توشتى.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى «ئۆتۈلدى، بولدى، توشتى» دىگەن سۆزلەر خەۋەر بولۇپ، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن.

بولسام دەيمەن قاشىنىڭ سۇلىرى،
قاندۇرسام ھەر چاڭقىغان جانىنى.
قىرغاقلارغا چاچرىتىپ ئۈنچە،
ئېچىلدۇرسام لالە - رەيھانىنى.

بولسام دەيمەن قاشىنىڭ سۇلىرى،
سۆيۈپ ئۆتسەم ھەممە جىلغىنى.

هۆسۈن قوشسام گۈزەل يايلاققا،
سۈغارسام ھەم قوي ۋە يىلقىنى.

بۇ شېئىردىكى «قاندۇرسام، ئېچىلدۇرسام، سۈغارسام» دېگەن خەۋەرلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەن.

بەزى شوئار مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن جۈملىلەردىمۇ خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ.

مەسىلەن: ياشىسۇن بىزنىڭ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز!

جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈملىرى ئاساسەن پېئىللاردۇر. پېئىللاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مەن كىتاپ ئوقۇشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. بۇ جۈملىدە خەۋەر — كۆرىمەن (پېئىل). ئۇ تۇرغۇنلىغان كىتاپلارنى ئوقۇدى. بۇ جۈملىدە خەۋەر — ئوقۇدى (پېئىل). بۇ تاغ، ھەقىقەتەن، بەكمۇ گۈزەل. بۇ جۈملىنىڭ خەۋىرى — گۈزەل (سۈپەت). بۇ ئىشتا ساڭا ھەقىقى ياردەم بەرگەن ئادەم قاسىمجان. بۇ جۈملىدىكى خەۋەر — قاسىمجان (ئىسىم). ئۇ ھېكايىنى يازغان مەن. بۇ جۈملىدە خەۋەر — مەن (ئالماش). ئۇلار كۈچ ئۇلاپ يۈكگۈرۈشتە بىرىنچى. بۇ جۈملىدە خەۋەر — بىرىنچى (سان).

باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق (—) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: مەن — ئىشچى. دادام — يازغۇچى. بۇ — ئوقۇغۇچى.

88 — كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، خەۋەرلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق ئورۇندا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## كۆكلەم قالغىچى كەلدى

كەلدى كۆكلەم قالغىچى، دىللار سۆيۈندى، يايرىدى،
زور خوشاللىق خۇددى كۆكلەم تاشقىنىدەك يامرىدى.

بەختىيار بۇلبۇل بۈگۈن زەپمۇ خۇش ئاۋاز سايرىدى،
كەڭ تىيانشان باغرىدا شادىيانە — مەرغۇل قايىنىدى.

كۆلدى ياشناپ بەختىيار تارىم — تىيانشان باغلىرى،
دەۋرىمىزگە چىن مۇھەببەت كۈي — مۇقامى ياڭرىدى.

دىلبىرىم، قىلغىن ھەۋەس قالغاچقا، كۆكلەم پەيزىگە،
گۈل — چېچەك ئاچتى مۇرات، دىللاردا ئارمان قالمىدى.

89 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ، ئىگىنىڭ ئاستىغا بىر، خەۋەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

## قۇشقاچ

مەن ئوۋدىن قايتىپ، يول بويىدىكى دەرەخ سايىسىدە كېلىۋاتاتتىم. ئوۋ ئىتىم بولسا ئالدىمدا ئويناقشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئىت تويۇقسىزدىنلا قانداقتۇ ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ياۋايى. هايۋاننىڭ پۇرىغىنى ئالغاندەك قەدىمىنى ئاستىلاتتى.

قاتتىق چىقىۋاتقان بوران يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاق قېيىن دەرەخنى ئۇياق - بۇياققا ئىغاڭلىتاتتى. مەن ئالدى تەرىپىمگە قارىدىم. ئۇ يەردە بىر قۇشقاچ بالىسى نىمە قىلىشىنى بىلمەي، قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ تۇراتتى...

ئىت ئاستا مېڭىپ قۇشقاچ بالىسىغا يېقىنلاشتى - دە، ئۇنى پۇراپ تۇرۇپ، ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئۇنىڭغا خىرىس قىلىشقا باشلىدى. تويۇقسىز بىر چوڭ قۇشقاچ خۇددى ئاسماندىن بىر تال تاش چۈشكەندەك دەرەخ شېخىدىن ئىتنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ قانات - پەيلىرىنى هۈرپەيتىپ ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ۋىچىرلايتتى.

قۇشقاچ ئۆزىنىڭ بەدىنى بىلەن بالىسىنى هىمايە قىلىپ ئۇنى قوتقۇزۇشنى ئويلايتتى. جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ كىچىككىنە تېنى تىترەپ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. ئۇ

شۇ ھالەتتە بىر مەيدان ئېلىشىشقا تەييارلاندى. ئۇنىڭ نە-
زىرىدە ئۇۋ ئىتى ئاجايىپ يوغان مەخلۇق بولسىمۇ، بىر
خىل قۇدرەتلىك كۈچ ئۇنى ھىچقانداق خەتەر بولمىغان ئې-
گىز دەرەخ ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈرگەن ئىدى.

ئىت تۇرۇپلا قالدى. ئۇ چوڭ قۇشقاچنىڭ مۇنچىۋالا
غەيرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان بولسا كېرەك. ئىت
ئاستا ـ ئاستا ئارقىغا ياندى.

مەن ئىتنى دەرھال چاقىرىۋالدىم ـ دە، ئۇنى ئېلىپ
يولۇمغا ماڭدىم.

90 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، خە-
ۋەرلەرنى تېپىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىدىن ئى-
كەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. مەن ھازىرلا ئېتىزلارنى بىر قۇر ئارىلاپ كەل-
دىم. 2. زىرائەتلەر سوغا راسا قېنىپتۇ. 3. ئەتراپ نىمە
دىگەن چىرايلىق. 4. سابىر، سەن راستىنى ئېيتقاندا، نەزەر
دائىرىسى كەڭ ئادەم. 5. بۇ كۆچەتلەرنى تىككەن بىز. 6.
ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ئالاھىدە ياخشى. 7. دۇنيانى ياراتقانلار
ئەمگەكچىلەر. 8. دوستلۇق بىرىنچى. 9. ئۇ كەينى قاتاردىن
سانىغاندا سولدىن بەشىنچى. 10. تۈنۈگۈن سىنى ئىزلىگەن
مەن. 11. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك.

## 42. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشى

مەن زاۋۇدىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ئۈستىدە
دوكلات يازدىم.

بىز ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى يۇقۇرى كۆتىرىش ئۈچۈن تىرىشىمىز.

يۇقۇرىدىكى بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى — مەن. ئەگەر بۇ سۆزنى «بىز» دەپ ئېيتساق، ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى — «بىز» دىگەن سۆزنى «ئۇلار» دەپ ئېيتساق، ئۇ جۈملىلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئۆزگىرەمدۇ؟ ئۆزگەرسە قانداق ئۆزگىرىدۇ؟

> **جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەر بىر - بىرى بىلەن چىڭ باغلىنىپ كېلىدۇ. خەۋەر ھەرقاچان ئىگىنى ئەگىشىپ ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ كېلىدۇ.**
>
> **ئىگە بىرلىك ساندا كەلسە، خەۋەرمۇ بىرلىك ساندا كېلىدۇ. ئەگەر ئىگە كۆپلۈك ساندا كەلسە خەۋەرمۇ كۆپلۈك ساندا كېلىدۇ.**

مەسىلەن: مەن ئىشلىدىم. بۇ جۈملىدە ئىگە — مەن (بىرىنچى شەخس بىرلىك). خەۋەر — ئىشلىدىم (بىرىنچى شەخس بىرلىك). بىز ئىشلىدۇق. بۇ جۈملىدە ئىگە — بىز (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك). خەۋەر — ئىشلىدۇق (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك). سەن ئىشلىدىڭ. بۇ جۈملىدە ئىگە — سەن (ئىككىنچى شەخس بىرلىك). خەۋەر — ئىشلىدىڭ (ئىككىنچى شەخس بىرلىك). سىلەر ئىشلىدىڭلار. بۇ جۈملىدە ئىگە — سىلەر (ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك). خەۋەر — ئىشلىدىڭلار (ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك). ئۇ ئىشلىدى. بۇ جۈملىدە ئىگە — ئۇ (ئۈچىنچى شەخس بىرلىك). خەۋەر — ئىشلىدى (ئۈچىنچى شەخس بىرلىك). ئۇلار ئىشلىدى. بۇ جۈملىدە ئىگە — ئۇلار (ئۈچىنچى شەخس كۆپ-

لۇق). خەۋەر — ئىشلىدى (ئۈچىنچى شەخس بىرلىك).

ئەسكەرتىش: ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچىنچى شەخسنىڭ خەۋىرى بىرلىك ھەم كۆپلۈكتە ئوخشاش كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۇلار تىرىشىپ ئۆگەندى.

لېكىن بەزى ھاللاردا ئۈچىنچى شەخستە خەۋەر كۆپلۈك شەكلىدىمۇ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇلار كېلىشتى. ئۇلار ھېكايە ئېيتىشتى. ئۇلار سۆزلەشتى.

ئەگەر جۈملىدە ئىگە بىرىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلسە، خەۋەرمۇ ئۇنىڭغا لايىقلىشىپ، بىرىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىدۇ.

مەسىلەن: مەن يازدىم. بىز يازدۇق. سىز يازدىڭىز. مەن ئوقۇۋاتىمەن. بىز ئوقۇۋاتىمىز.

ئەگەر جۈملىدە ئىگە ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلسە، خەۋەرمۇ ئۇنىڭغا لايىقلىشىپ ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىدۇ.

مەسىلەن: سەن ئىشلىدىڭ. سىلەر ئىشلىدىڭلار.

ئەگەر جۈملىدە ئىگە ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلسە، خەۋەرمۇ ئۇنىڭغا لايىقلىشىپ ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ سۆزلىدى. ئۇلار سۆزلىدى.

91 - كۆنۈكمە: ترۋەىدىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئۇلار-دىكى ئىگە بىلەن خەۋەرلەرنى تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق باغلىنىپ كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بۈگۈن بىز ئايرۇپىلاندىن پاراشوت بىلەن سەكرەشنى بىرىنچى قېتىم مەشق قىلدۇق. بىز ئايرودورومغا بېرىپ ئۇ-چۇش لىنىيىسى ئۈستىدە ئايرۇپىلانىنىڭ بىزنى كۈتۈپ تۇر-غانلىغىنى كۆردۇق. كۆپ - كۆك ئاسماندا پارچە - پارچە ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى. بۈگۈنكى ھاۋا بەكمۇ ياخشى ئىدى.

ئايرۇپىلان ئۇچۇپ، بىزنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى. مەن ئايرۇپىلان بۆلمىسىنىڭ دەرىزىسىدىن سىرتقا قارىدىم. پارچە - پارچە بۇلۇتلار خۇددى ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان تاغقا ئوخشايتتى...

پاراشوتچىلار باشلىغى ئالدىمغا كېلىپ، قولىغىمغا:

— ھودۇقما، سالماق بول! — دەپ ۋاقىرىدى. مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

پاراشوتتا سەكرەشنىڭ تەييارلىق قوڭغۇرىغى چېلىندى. بىز ئېچىلغان ئايرۇپىلان ئىشىگىنىڭ يېنىدا دەرھال سەپ بولۇپ تىزىلدۇق ... مەن ھېچ نەرسىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەل-مەيلا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سەكرىدىم. مەن ئىك-كى پۇتۇمنىڭ يۇقۇرىغا بولۇپ قېلىپ، بېشىمنىڭ ئازراق قې-يىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلدىم. بىرقانچە سېكۇنت ئۆتكەندىن كېيىن پاراشوت ئېچىلدى. كۆزۈمنى ئاچسام، پاھ! ئاسماندا

لەيلەپ يۈرۈپتىمەن. تۆت ئەتراپىم كۆك ئاسمان ۋە ئاق بۇ-
لۇتلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قۇلىغىمغا گۈكىرىگەن شامال
ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. مەن ئۆزەمنى بىر تۇرۇپ باشقا بىر دۇن-
ياغا بېرىپ قالغاندەك، يەنە بىر تۇرۇپ، قۇتقۇزۇش كىيە-
مى كېيىپ، كۆپ - كۆك دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس
قىلاتتىم. مەن لەيلەپ يۈرۈپ تۆۋەنگە چۈشتۈم.

92 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر-
نىڭ ئورنىغا «مەن» دىگەن ئالماشنى قويۇپ جۈملىلەرنى
كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. خەۋەرنىڭ قانداق ئۆزگىرىدىغانلىغىغا
دىققەت قىلىڭلار.

تۇرسۇن ھازىر ئىشچىلار تېخنىكا مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتىدۇ.
يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ. تۇرسۇن
مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنىمۇ تىرىشىپ تېخنىكا ئۆ-
گەنمەكچى. ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پەن - تېخنىكىنى ئى-
گەللەپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بىر كىشىلىك
ھەسسە قوشماقچى. تۇرسۇن ئەنە شۇ ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن ھا-
زىردىن باشلاپ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنى-
ۋاتىدۇ.

## 43. قاراتما سۆز

يولداشلار، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلايلى! يولداش باقى،
سىز قايسى زاۋۇتتا ئىشلەيسىز؟ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىز-
نى سان ھەم سۈپەت جەھەتتىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش ئۈچۈن

تىرىشايلى، يولداشلار!

چۈملىدە باشقا بىرەر كىشىگە ياكى بىرەر نەرسىگە قارىتىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەر بولىدۇ، ئەنە شۇ سۆزلەرنى قاراتما سۆز دەيمىز.

مەسىلەن: يولداشلار، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە ئۈچۈن ئالغا! ئوغلۇم، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگەن، بىلىملىك كىشى بول! ھەي بۆلۈتلار - بۆلۈتلار، يامغۇر ئېلىپ كېلىڭلار!

يۇقۇرقى مىساللاردىكى «يولداشلار، ئوغلۇم، ھەي بۆلۈتلار - بۆلۈتلار» دېگەن سۆزلەر — قاراتما سۆزلەردۇر.

قاراتما سۆزلەر جۈملىدە باشقا سۆزلەرگە قارىغاندا كۆتىرەڭگۈ تاۋۇش بىلەن ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئېخ باھار، نىمانچە يېقىملىقسەن! يولداشلار، ھەممىمىز بىر ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشايلى!

قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بىلەن باغلانماي، ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئېيتىلىدۇ. قاراتما سۆزلەر بىر ياكى بىرنەچچە سۆز بىلەن كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنى چوقۇم ئورۇنلايمەن! كىچىك دوستلار، سىلەر كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزەڭلەرنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللاندۇرۇشۇڭلار لازىم. قەدىرلىك دوستۇم

ھەبىبۇللا، سىزنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرىڭىز بىلەن تەبرىكلەيمەن.

> قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، ئۇنىڭ-دىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ.

مەسلەن: ئىشچى يولداشلار، شەھىرىمىزنى كۆكەرتىش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشايلى! يولداش ھەسەن، سىز بۇ ئىش-قا يېتەكچىلىك قىلىسىز.

> ئەگەر قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن پەش قويۇلىدۇ.

مەسلەن: بۇ ئېيتقان سۆزىڭىزنى، يولداش سايىم، ئىسىم-دىن چىقارمايمەن. ھەر بىر ئىشنى، يولداشلار، پۇختا ئىش-لەيلى!

> قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، ئۇنىڭ ئالدىدىن پەش قويۇلىدۇ.

مەسلەن: مەن ئېيتقان سۆزنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا، ئوغلۇم!

> بەزى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن قاراتما سۆزلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ. بۇ، قاراتما سۆزنىڭ كۈچلۈك، كۆتىرەڭگۈ تاۋۇش بىلەن ئېيتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: يولداشلار! بۇ غەلىبىنىڭ ئاچقۇچى! پار-تىيە ئىشلىرى ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە ئۈچۈن ئالغا!

93 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، قاراتما سۆزلەرنى تېپىڭلار ھەمدە تىنىش بەلگىسىگە دىققەت قىلىڭلار.

... بىر كۈنى، خوراز راسا تويغاندىن كېيىن، غادىيىپ، ناخشا ئېيتقان پېتى يوغان بىر تۆپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ - دە، بىر جاڭگال دۇمباقچىسىنى كۆرۈپ:

— ھەي ئۇزۇن تۇمشۇق جاڭگال دۇمباقچىسى، بىز چىرايلىقلىغىمىزنى سېلىشتۇرۇپ باقايلىچۇ، قايسىمىز چىرايلىق، — دەپتۇ. جاڭگال دۇمباقچىسى:

— خورازجان، مېنى كەچۈرگىن، قېرى دەرەخلەرگە قۇرۇت چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ سوغاققىنا. بۇ گەپنى ئاڭلىغان خوراز ناخشىسىنى ئېيتىپ، ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

خوراز بىر باققا كەپتۇ، ئۇ يەردە بىر ھەسەل ھەرىسىنى كۆرۈپ:

— دۇمباق كۆز ھەرىچاق، چىرايلىقلىغىمىزنى سېلىشتۇرۇپ باقايلىچۇ. قايسىمىز چىرايلىق، — دەپتۇ. ھەسەل ھەرىسى سوغاققىنا:

— خورازجان، كەچۈرگىن، گۈل - گىيالار چېچەكلىدى، مەن بېرىپ ھەسەل يىغىمەن، — دەپتۇ. خوراز بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناخشىسىنى ئېيتىپ ئالچاڭلاپ كېتىپ قاپتۇ.

خوراز بىر شاللىققا بېرىپ، بىر پاقىنى كۆرۈپتۇ - دە:

— ھوي يوغان قوساق پاقا، قېنى چىرايلىقلىغىمىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلىچۇ، قايسىمىز چىرايلىق، — دەپتۇ. پاقا توڭلۇق بىلەن:

— كەچۈرگىن، شاللىقتا زىيانلىق قۇرۇت بار ئىكەن، مەن بېرىپ قۇرۇتلارنى تۇتمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ. خوراز ھېچنېمىنىڭ ئۆزى بىلەن چىرايلىقلىقىنى سېلىشتۇرۇشقا ئۇنىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، نائىلاج كەينىگە يېنىپتۇ.

خوراز يولدا ئاشلىق ئارتىلغان بىر قېرى ئات بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

— ئات تاغا. مەن جاڭگال دۇمباقچىسى، ھەسەل ھەرىسى، پاقىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، چىرايلىقلىقىمىزنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى، دېسەم ئۇلار نېمىشقا ماڭا پەرۋا قىلمايدۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەي خورازجان، ئۇلار چىرايلىق ياكى سەتلىككە باھا بېرىشتە تاشقى كۆرۈنۈشكە قارىماي، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان - يەتكۈزمەيدىغانلىقىغا قاراش كېرەكلىكىنى ئۇقىدىكەن، — دەپتۇ ئات. خوراز بۇنى ئاڭلاپ بەك خىجىل بوپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى ماختىمايدىغان، ھەر كۈنى سەھەردە چىللاپ، كىشىلەرنى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈندەيدىغان بوپتۇ.

**94 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا قاراتما سۆزلەرنى قويۇڭلار ھەمدە مۇۋاپىق تىنىش بەلگىسىنى قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار.

1. ... سىلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىرى. 2. ئۆتمۈشىمىزنى ئۇنتۇمايلى ...! 3. مەن سىزنى ... تۈنۈگۈن كېچە كۆردۈم. 4. ... سىنىڭ يېقىندا يازغان خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. 5. سالام سىلەرگە ...! 6. ... سىنىڭ بەرگەن ئاشنىڭنى ھالاللاپ يەيمەن!

## 44. قىستۇرما سۆز

ئۆز ئالدىغا جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولالمايدىغان، جۈملىدە ئېيتىلغان ئوي - پىكىرگە سۆزلىگۈچىنىڭ كۆزقارىشىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قىستۇرما سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: مېنىڭچە، بۇ ئىشتا غالىپ چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ئورۇنلۇق. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۇگىنىشكە بولغان ھەۋىسى ئىنتايىن كۈچلۈك.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى «مېنىڭچە، ئەلۋەتتە، راستىنى ئېيتقاندا» دىگەن سۆزلەر قىستۇرما سۆزلەردۇر.

قىستۇرما سۆزلەر بىر سۆزدىنمۇ، كۆپ سۆزلەردىنمۇ تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: ئېھتىمال، بۈگۈن ئۇلار كېلىپ قالار. نىمىسىنى ئېيتىسەن، بۇ يىل بۇغدايىنىڭ مەھسۇلاتى ناھايىتى ياخشى. ئۆزەڭلار ياخشى بىلىسىلەر، دىخانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىغى ئىنتايىن يۇقۇرى.

قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، قىستۇرما سۆزلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ھەممىگە مەلۇم، كۆپچىلىك بىردەك

ئىتتىپاقلاشسىلا ھەرقانداق ئىشتا غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، بىز تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

> ئەگەر قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، قىستۇرما سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىدىن، ئاخىرىدا كەلسە، ئۇنىڭ ئالدىدىن پەش قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: بىز، راستىنى ئېيتساق، سىلەردىن ئۆگىنىشكە كەلدۇق. بىز بۇرۇن ھەرقانچە جاپا چېكىپ ئىشلىگەن بولساقمۇ، ئۆزەڭلارغا مەلۇم، نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان ئىدۇق. بۇ يىلمۇ مول ھوسۇل ئالىمىز. ئەلۋەتتە. سەن شۇنداق ئويلىساڭ كېرەك، بەلكىم.

95 - كۆنۈكمە: تۆۋەندە ئىككى قاتار قىلىپ بېرىلگەن جۈملىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ئوقۇڭلار، ئىچىدە قىستۇرما سۆزلەر كەلگەن جۈملىلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ياقۇپنىڭ ئېيتقىنى توغرا.
2. مەن بۈگۈن سىلەر بىلەن بىللە ئۇ يەرگە بارالمايمەن.
3. مەن بۈگۈن كىنوغا بارالمايمەن.
4. تۆمۈرنىڭ كەلگىنى راست.

1. ئەلۋەتتە، ياقۇپنىڭ ئېيتقىنى توغرا.
2. راستىنى ئېيتسام، مەن بۈگۈن سىلەر بىلەن بىللە ئۇ يەرگە بارالمايمەن.
3. مەن بۈگۈن، راست گەپنى قىلغاندا، كىنوغا بارالمايمەن.
4. قاسىمنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، تۆمۈرنىڭ كەلگىنى راست.

96 – كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. قىستۇرما سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

1. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، يولداشلارنىڭ پىلانىنى ئورۇنلاشقا بولغان ئىشەنچىسى ناھايىتى كۈچلۈك. 2. مەن راستىنى ئېيتقاندا، يولداشلارنىڭ پىلانىنى سان ۋە سۈپەتكە تولۇق كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ئاشۇرۇپ ئورۇنلىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. 3. بىز ھەر كۈنى بەدەن چېنىقتۇرۇشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە. 4. ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، يېزىلاردا ئۆزگىرىش ھەقىقەتەن زور ئىكەن. 5. ئەڭ مۇھىمى، ياسىن ۋاقتىدا كەلسە بولاتتى. 6. شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، بۇ ئىشتا يالغۇز تەجرىبىگە تايانغان بىلەنلا بولمايدۇ، چوقۇم ئىلمىي ئاساس بولۇشى لازىم.

97 – كۆنۈكمە: كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق قىستۇرما سۆزلەرنى قويۇپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە كېرەكلىك جايلارغا پەش قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار.

1. ... ۋاقتىنى بوشقا ئۆتكۈزمەسلىك لازىم. 2. ... بىز يەنە تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر. 3. مەن... ئۆتكەندە بۇ مەسىلىنى سىلەرگە ئالاھىدە ئەسكەرتكەن ئىدىم. 4. ... بۈگۈن يامغۇر يېغىپ قېلىشى مۇمكىن. 5. ئۆگىنىشتە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن... سىستېمىلىق ئۆگىنىش... ئىزچىل ئۆگىنىش لازىم. 6. بىز بۇ ئىشنى تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىيەلمىدۇق... ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمىدۇق.

كېرەكلىك قىستۇرما سۆزلەر: راستىنى ئېيتقاندا، بىرىن-

چىدىن، ئىككىنچىدىن، ئېھتىمال، ئېسىگىلاردا بولسا كېرەك، شۇنى ئەستە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىمكى، مېنىڭچە

## 45. بەزى قوشۇمچىلەرنىڭ ئىملاسى

قوش تىرناق ۋە يالاڭ تىرناقلارنىڭ ئىچىدىكى سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلەر ئۇلارنىڭ سىرتىغا يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: جىددى كۈرەش ھاياتى ۋە ئېغىر تەتقىقات خىزمىتى ماركسنىڭ سالامەتلىكىنى ناھايىتى ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ «كاپىتال» دىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەسىرىنى يېزىپ بولالمايلا ۋاپات بولدى. «ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى» نىڭ ئاپتورى ئېۋگېنىي پوتيېر فرانسىيىلىك بىر پرولېتار. بىر قېتىم لېنىن يولداشلارغا يازغان خېتىدە، ئىنتايىن قىزىقچىلىق قىلىپ: «بۈگۈن ئىش ئۇچىغا تارتىمىغاچقا، ئۇدا 6 ‹سىيا قۇتىسى› نى يەۋەتتىم» دېگەن. مەن «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» گە يېزىلدىم.

## 46. قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلغان شەكلىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىملاسى تۆۋەندىكىچە:

ھەر بىر سۆزنىڭ باش ھەرپى ئېلىنىپ، قىسقارتىلغان سۆزلەر يالغۇز ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ، ئارىسىغا چېكىت قويۇلمايدۇ. بوغۇم بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: ش ئۇ ئا ر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى)، ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى)

ج خ ئى (جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى)

ئۆ ت ز (ئوكتەبىر تىراكتور زاۋۇدى)

ئا ق ش (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى)

پارتكوم (پارتىيە كومىتېتى)

ئوبكوم (ئوبلاستلىق كومىتېت)

كىشى ئىسمى — پەمىلىسىدىنى قىسقارتىپ يازغاندا، بىرىنچى ھەرپى ئېلىنىپ يالغۇز ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. ئوتتۇرىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ك. ماركس (كارل ماركس)

ۋ. ئى. لېنىن (ۋىلادىمىر ئىلئىچ لېنىن)

ل. مۇتەللىپ (لۇتپۇللا مۇتەللىپ)

ز. قادىر (زۇنۇن قادىر)

خەلقارا ئورتاق قوللىنىلىدىغان پەن — تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ قىسقارتىلغان بەلگىلىرى خەلقارا ئومۇملاشقان ئادەت بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: م (مېتىر)، س م (سانتىمېتىر)، ك م (كىلومېتىر)، ك گ (كىلوگىرام)، ۋ (ۋات)

## Ⅲ ئومۇمى كۆنۈكمە

98 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، جۈملىلەرنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق جۈملە (ئاددىي جۈملىمۇ ياكى قوشما جۈملىمۇ؟) ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى كېلىشكەن كەڭرى بىر جاڭگاللىق بولغان ئىكەن. بۇ يەردىكى چوڭ - كىچىك ھايۋاناتلار ئاكا - ئۇكىدەك ناھايىتى ئىناق ياشايدىكەن. كۆپ ئۆتمەي، بۇ جاڭگاللىقتا بىر يىرتقۇچ يولۋاس پەيدا بولۇپ قاپتۇ-دە، ئىناق ھايات كەچۈرۈۋاتقان ھايۋاناتلاردىن خالىغىنىنى تۇتۇپ يەپ، ھايۋانلاردا تولىمۇ ئەنسىزلىك پەيدا قىپتۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ جاڭگالنىڭ «پادىشاسى» دەپ ئاتىۋاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئاجىز - ئورۇق ھايۋانلارنى تېخىمۇ بوزەك قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە ھايۋانلارنى خالىغانچە تۇتۇپ يەپ سەمرىپ - تېقىلىپ، مېڭىشمۇ خوشياقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ماكان قىلىۋالغان ئۆڭكۈردىن چىقىپ، جاڭگالدىكى پۈتۈن ھايۋانلارغا ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن ئوردىغا كېلىپ، ئۆزىگە «ئۈچ ۋاق غىزا بولۇش» ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. نىمە ئامال؟ شۇ كۈندىن باشلاپ جاڭگالدىكى ھايۋانلار مەسلىھەتلىشىپ، يولۋاسنىڭ غىزاسى

بولۇش ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر نەچچىسى ئۆزلۈگىدىن بارىدىغان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز ئاتا - ئانىسى ۋە ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقان يولۋاسنىڭ بۇ ۋەھشىي قىلمىشىغا چىداپ تۇرالمىغان توشقانجان ئۇزاق ئويلاپ بىر چارە تېپىپتۇ ۋە بۇ چارىنى دوستلىرى كېيىكجان، قىرغاۋۇللارغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى سەھەردە يولۋاسنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يولدا قەستەن ئاستا مېڭىپ، چۈش بولاي دېگەندە ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ...

99 - **كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، كۆچۈرمە جۈملىلەرنى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىڭلار.

...ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جانابى پادىشاھى ئالەم! دەپ تازىم قىپتۇ توشقان. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن يولۋاسنىڭ غەزەپتىن كۆزلىرىگە قان تولغان بولۇپ، ئاغزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ: ھەي ئاۋاق، نېمىشقا قورسىقىم ئېچىپ، ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ قالغىچە كەلمەيسەن؟! دەپ ۋاقىراپتۇ توشقانغا. بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئاندىن سۆزلىسەم... دەپتۇ توشقان. كەچتىم، قېنى تېز سۆزلە! دەپ ۋاقىراپتۇ يولۋاس. بىزنىڭ جاناپلىرىغا ئاۋالقىدەكلا ئۆز ۋاقتىدا كېلىپ غىزا بولۇش نىيىتىمىز بار ئىدى، دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ توشقان: شۇڭا بۈگۈن مەن سەھەردە دوستۇم كېيىكجان بىلەن سىلىنىڭ ئەتىگەنلىك غىزالىرى بولۇش ئۈچۈن كېلىۋاتاتتۇق، كىم بىلسۇن؟ يېرىم يولدىكى كونا قۇدۇق ئەتراپىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە تۇسات-

تىن يەنە بىر يولۋاس چىقىپ يولىمىزنى توساپ، كىيىكچاننى
يەپ كەتتى. مەن تېخى قېچىپ ئاران قۇتۇلدۇم دېسىلە!

مېنىڭ رىسقىمغا چاڭ سالىدىغان قانداق يولۋاس ئىـ
كەن ئۇ! يولۋاس غەزەپتىن تىترەپ كېتىپتۇ. تېخى سىلىنى
ھاقارەتلىدى دېسىلە. سىلىنى ئۇ يالغان پادىشا، ئۇنىڭدىن
كىم قورقىدۇ، دېدى. يۈر. دەرھال مېنى باشلاپ بار! دەپ
چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ يولۋاس ۋە غەزەپ بىلەن ھۆكىرەپتۇ.

توشقانجان ئۆز پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كۆزى يېـ
تىپتۇ - دە، يۈگۈرگەن پېتى يولۋاسنى كونا قۇدۇقنىڭ يېنىغا
باشلاپ بېرىپتۇ.

يولۋاس چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، شالىنى چېچىپ ئەتـ
راپقا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ھەي ئاۋاق، قېنى
ئۇ ئىپلاس؟! دەپ ۋاقىراپتۇ. توشقان قۇدۇقنى ئىشارەت
قىلىپ، ئەنە پادىشاھى ئالەم، ئەنە، سىلىنىڭ كېلىۋاتقانلىقلىـ
رىنى كۆرۈپ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى، دەپتۇ.

يولۋاس قۇدۇق بېشىغا كېلىپ ئېگىشىپ قارىغان ئىكەن،
قۇدۇق ئىچىدە ئۆزىگە ئوخشاش بىر يولۋاس ئۇنىڭغا قاراپ
تۇرغىدەك. ئۇ ھومايسا قۇدۇق ئىچىدىكى يولۋاسمۇ ھومىيىپتۇ،
ئۇ ھۆكىرەپتىكەن، قۇدۇق ئىچىدىنمۇ ھۆكىرىگەن ئاۋاز ئاڭلىـ
نىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ قۇدۇققا ئۆزىنى
ئېتىپتۇ - دە، سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

**100 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئىگىـ
نىڭ ئاستىغا بىر، خەۋەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭـ
لار. ئىگىگە قانداق قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلانغانلىقىنى ھەمدە
ئۇنىڭ جۈملىدە قانداق ئورۇندا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

... خۇاڭ جىگۇاڭ ئورنىدىن دەس تۇردى. شىددەتلىك
يامغۇردەك ئوقلار ئىچىدە دەس تـۇردى! ئۇ ئوڭ قولىنى ئىـ
گىز كۆتەردى. قول مىناسـى كۆزنىتـش چىرىغىنىڭ نۇرىـدا
يالت ـ يۇلت قىلىپ پارقىرايتتى.
«گۇمبۇر» قىلغان ئاۋاز بىـلەن تەڭ دۈشمەنىنىـڭ ئوت
كۈچى نۇقتىسىنىـڭ يېرىمـى غـۇلاپ چۈشتى. خۇاڭ جىگۇاڭ
ھۇشىدىن كەتتى. يولداشلار ئۇچقاندەك ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمما
ئۆيلىمىغان يەردىن دۈشمەنىنىڭ پىلىموتى يەنە سايراشقا باشـ
لىدى. ھۇجۇمغا ئۆتۈپ يېرىم يولـغا كەلگەن جەڭچىلـەر تاغ
باغرىدا توختاپ قالدى. خۇاڭ جىگۇاڭ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ 7
يېرىدىن ئېغىر يارىلانغان بولۇپ، يېنىدا بىـرەر قورالمۇ قالـ
مىغان ئىدى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالـدى. بەلگىلەنـگەن ۋاقىتمۇ
توشۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ سىياسى رەھبەرنىڭ ئۆزىگە قاـ
راپ تۇرغانلىغىنى، سەپداشلىرىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىغىـ
نى، ۋەتەن ـ خەلقىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىغىنى، چاۋشيەن
خەلقىنىڭ ئۆزىـگە قاراپ تۇرغانلىغىـنى ھىس قىلىـپ، يەنە
ئورنىدىن تۇردى! ئۇ كۈچلۈك قوللىرىنى كەڭ يېيىـپ، دۈشـ
مەنىنىـڭ ئوق ياغدۇرۇۋاتـقان ئوت كۈچى نۇقتىسـىغا قاراپ
شىددەت بىلەن ئېتىلىـپ باردى. ئۆزىنىڭ كۆكرىگى بىـلەن
دۈشمەن پىلىموتىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى.
«ھۇررا! خۇاڭ جىگۇاڭ ئۈچۈن ئىنـتىقام ئالايـلى!» دېـ
گەن ئاسمان ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن سادالار كۆكتە
ياڭرىدى. جەڭچىلەر گويا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك دۈشمەنگە يۇـ
پۇرۇلۇپ بېرىـپ، ئىستىھكامنى ئىگەللىۋالدى.
101 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىـكى سالام خەتـنى كۆچۈـ

رۇپ يېزىڭلار، قاراتما سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە تېگىشلىك ئورۇنلارغا پەش قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار.

قەدىرلىك دوستۇم پولات سېنىڭ يازغان خېتىڭنى تۇنۇگۇن تاپشۇرۇپ ئالدىم. خېتىڭنى ئوقۇپ ھەممىمىز ناھايىتى خوشال بولدۇق. ماڭا كىتاپ ئەۋەتكەن ئىكەنسەن دوستۇم پولات بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خوشاللاندىم. ساڭا كوپ رەھمەت. بۇ كىتاپقا مەن ئۇزۇندىن بېرى ئىنتىزار بولۇپ يۈرگەنتىم. «دوستۇم ئوگىنىشىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋاتامسەن؟» دەپ يېزىپسەن. ئوگىنىشىمىز ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتىدۇ. ھازىر ئىشتىن سىرتقى مەكتەپ 2 - يىللىغىنىڭ دەرسلىكلىرى ئاخىرلىشىپ قالدى. دوستۇم ئۆزەمنى ماختىماي نەتىجىلىرىم ھەر ھالدا يامان ئەمەس. بۇ يىللىقتا ئىگەللەشكە تېگىشلىك ئاساسىي بىلىملەرنى ياخشى ئىگەللىدىم. پولات سېنى بەكمۇ سېغىندىم. يازدا بىر ۋاقىت چىقىرىپ كېلەرسەن. دوستۇم پولات مېنىڭ بۇ خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن خەت يازغىن.

دوستۇڭ ياسىن

تۈزگۈچى: ئابلەت قاسىم

مەسئۇل تەھرىرى: باۋۇدۇن نىياز

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ يەنى

工农业余初等学校课本

**维语语法**

第二册

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

*

فورماتى: 787×1092 1/32: باسما تاۋاق: 6-26

1984 - يىل 6 - ئاي. 1 - نەشرى

1984 - يىل 6 - ئاي. 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1—15·000

بىرلەشمە نومۇرى: MK7129·1513

باھاسى: 0·36 يۈەن